بارات هاجى

# پاجىئە ۋە كۆرەش ئىچىدە ئۆتكەن هايات

خاتىرىلىگۈچى، كومپيۇتېرغا ئالغۇچى: ئابلەت نۇر
مۇھەررىر، مەسئۇل مۇھەررىر: غ. زۇلپىقار

شەرقىي تۈركىستان ھۆررىيەت نەشرىياتى

بسم الله الرحمن الرحيم



# مۇندەرىجە


مۇھەررىردىن ..................................................... 4
مۇقەددىمە ..................................................... 9
جەڭچىلىك ھاياتىمنىڭ باشلىنىشى ..................................................... 12
ئورمانلىقتىكى جەڭ ..................................................... 17
ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلىشى ۋە يىقىلىشى ..................................................... 24
پاجىئەلىك ئاخىرلىشىش ..................................................... 27
”تاغ ئارقىسى“غا سەپەر ..................................................... 29
بىرىنچى غەلىبىلىك جەڭ ..................................................... 32
غەلىبەسېرى ئىلگىرىلەش ..................................................... 35
غۇلجىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشى ..................................................... 40
شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ..................................................... 46
ئىزمۇ ـ ئىز ..................................................... 48
مىللىي ئىنقىلاپنىڭ ئاخىرى ..................................................... 54
تۈرمە ھاياتى ..................................................... 57
مالىمانچىلىق يىللىرىدىكى كەچۈرمىشلەر ..................................................... 74
ھايۋاننىڭمۇ ئەڭ پەسەندىسى ..................................................... 98
ئازاپ دېڭىزىنىڭ قىرغاقلىرىدا ..................................................... 103
قەپەزدىن چىقتىم، ئەمما... ..................................................... 111
تۈرمە سىرتىدىكى ئازاپلار ..................................................... 115
ئەركىن دۇنياغا سەپەر ..................................................... 127
چەتئەلدىكى ھاياتىمدىن قىسقىچە خاتىرىلەر ..................................................... 130

# مۇھەررىردىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، قولىڭىزدىكى بۇ كىتاپ ھاياتىنىڭ زور بىر قىسمى كۆرەش ۋە ئىزتىراپ ئىچىدە ئۆتكەن، ئوتتۇز يىللاپ پانىي دۇنيانىڭ دوزىقى بولغان كوممۇنىست تۈرمىلىرىدە ئازاپ چەككەن بىر پىشقەدەم جەڭچىنىڭ ئەسلىمىسىدۇر. بەختىسىز مىللىتىمىزنىڭ بۇنداق جەڭچىلىرى ئاز ئەمەس؛ شۇنداقلا كۆپمۇ ئەمەس. بۇ قارىمۇ قارشىلىققا تولغان خۇلاسىمىزنى پىشقەدەم مۇجاھىدنىڭ ئەسلىمىسىنىڭ ئاخىرقى قىسمىلىرىدىكى تۈرمە تەسۋىرلىرى تەستىقلايدۇ. بىر ئېغىز قۇرۇق گەپ ئۈچۈن تالاي ئادەملەرنى ئۆلتۈرىدىغان، فاشىستلارنىڭ ”جەۋھىرى“ بولغان كوممۇنىستلارنىڭ تۈرمىسىدىن بۇنداق بىر جەڭچىنىڭ تىرىك قايتىپ چىقىشى، ھەتتا ھۆر دۇنياغا چىقىپ ئاشۇ پاجىئەلەرنى ھېكايە قىلىشى ئاللاھنىڭ بىر مۆجىزىسى بولسا كېرەك.

چەتئەللەردە سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن كۈنلىرىمىزدە خەۋەرلەردىن، تېلېۋىزىيە كۆرۈنۈشلىرىدىن ھۆر دۇنيانىڭ تۈرمىلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن، بۇ يەرلەردە ياشىغان ئادەملەرگە ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ خىتاي جاللاتلىرىنىڭ تۈرمىلىرىدىكى ئىنسانىيەتسىزلىكنى، ياۋۇزلۇقنى، ۋەھشىيلىكنى، ئىنساننى تىرىك ئۆلتۈرىدىغان ھاقارەتلەرنى، قىيىن - قىستاقلارنى ئەينەن ھېس قىلدۇرۇشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ يەتمەكتىمىز. بۇ يەرلەردە تۈرمە دېگىنى — بىزنىڭ ئوتتۇراھال سەۋىيىدىكى مېھمانخانىلىرىمىزنىڭ

ياتاقلىرىغا تەڭ كېلىدىكەن؛ ھەتتا بەزى ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ تۈرمىلىرى بولسا ۋەتىنىمىزدە بىز كۆرگەن ئالىي مېھمانخانىلاردىكى شارائىتنى ھازىرلىغان ئىكەن! بۇ يەرلەردە ”سىياسىي مەھبۇس“ دەيدىغان بىر كىملەر يوق، چۈنكى، ياۋروپادا بۇندىن 2000 يىل ئىلگىرىلا —قەدىمقى رىم ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە —”ئىنسان — ئىدىيىسى تۈپەيلى جازالانماسلىقى كېرەك“ دېگەن قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ تۈرمىلەر ساپلا ئىنسانىيەتكە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزگەن جىنايەتچىلەر ئۈچۈن ھازىرلانغان. تۈرمە دېسە مۇشۇنداق بىر يەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشكە ئادەتلەنگەن بۇ كىشىلەرگە خىتاي تۈرمىلىرىنىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى سۆزلەپ ئىشەندۈرگىلى بولارمۇ؟

پىشقەدەم مۇجاھىد ھاياتىنىڭ ئالتۇن دەۋرىنى ئەنە شۇ تۈرمىلەردە ئۆتكۈزگەنلىكى، 1.5m×1.2mكەڭلىكتىكى كامېردا 20 يىللاپ ياتقانلىقى (ۋە ھەتتا 5m×0.81m.بولغان كامېرلاردا ئىككى ئادەم ياتقان)، ئازاپنى يەتكۈچە تارتقانلىقى ئۈچۈن تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك تەپسىلاتلارنى ئەسلەپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۇنىڭ ئېيتىپ بەرگەنلىرى خىتاي جاللاتلىرىنىڭ ”زۇلۇم دەستۇرى“نىڭ كىرىش سۆزى خالاس! ئەنە شۇ سەۋەپلەرگە كۆرە ئوقۇرمەن بۇ ئەسلىمىلەرگە ”تامچە سۇدا قوياشنىڭ ئەكسى كۆرىنىدۇ“ دېگەندەك تەپەككۇر ئۇسۇلى بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، قالغىنىنى ئۆزى تەسەۋۋۇر قىلسا بولىدۇ.

جەڭچى ھامان ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاداققى نىشانى ھەققىدە ئويلايدۇ، ھەر قانداق ئەھۋالدا نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلەش ئۇنىڭ مەخسىدى، نىشان ئۈچۈن ھەركەت قىلىش ياشاشتىن مۇددىئاسىدۇر. خۇددى شۇنداق، پىشقەدەم مۇجاھىد بارات ھاجىمۇ چەتئەللەردە يەنە ئۆمۈرلۈك غايىسى يولىدا كۆرەش قىلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئاپپاق ساقاللىق نۇرانە چېھرىسى

ھېلى تېلېۋىزىيە ئېكرانلىرىدا كۆرۈنسە، ھېلى گېزىت - ژورناللارنىڭ سەھىپىلىرىدىن ئورۇن ئېلىپ، چەتئەللەردىكى شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى ئۈچۈن بىر سىمۋول ھالىتىگە كەلدى. ئۇ ھېچبىر خاتىرە كۈنلەرنى ئۇنتۇپ قالماي، ئۆزى يالغۇز بولسىمۇ نامايىشقا چىقىدۇ؛ ئۇنىڭ ھەمراھى، سەپدىشى، يولدىشى — مەرھۇم داھىمىز سابىت دامولّلىدىن تەۋەررۈك قالغان ئاي - يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق، خالاس. ئۇ ھارمايدۇ، زېرىكمەيدۇ، ئۈمىدسىزلەنمەيدۇ،... چۈنكى ئۇ ۋەتەننىڭ بىر جەڭچىسى! مىللەتنىڭ بىر جەڭچىسى! ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئاشۇ دوزاقنىڭ پانىيدىكى كۆلەڭگىسى بولغان خىتاي تۈرمىلىرىدە ئازاپلار دەستىدىن ئۆلۈپ كەتكەن سانسىزلىغان سەبداشلىرىنىڭ، رەھبەرلىرىنىڭ، قولداشلىرىنىڭ ئۈمىدلىرى مۇجەسسەملەنگەن. ئاشۇ تۈرمىلەرنى ھەر قېتىم كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىنىدە بىر قېتىم ئۆزىگە قامچا سېلىپ، نىشانغا قاراپ چېپىشقا رىغبەت بېرىدۇ. ھۆرلۈكنىڭ قەدرىنى بىلىشكە ئۆز ئۆزىنى ئۈندەيدۇ؛ شېھىدلەرنىڭ كۆزلىرىدىكى ئۈنسىز ”ئەلۋىدا!“ ئۈنىڭغا ”ھۆررا!“ ساداسى بولۇپ ئاڭلىنىدۇ؛ ئۇلارنىڭ دېمەكنى شۇنچە ئىستىگەن ئەمما دېمەككە ئىمكان تاپالمىغان سۆزلىرىنىڭ ھەممىسىگە بارات ھاجى ئۆزىنى قەرزداردەك ھېس قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ ھەرقاچان ئۆز ئۆزىگە: ”ئالغا! ئالغا!...“ دەپ بۇيرۇق بېرىپ تۇرىدۇ. بۇ بۇيرۇق — ۋەتەننىڭ ساداسى! بۇ بۇيرۇق — مىللەتنىڭ ئەمرى!

ئەنە شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، شۇنچە يىل تۈرمىلەردە چەككەن مۇشەققەتنى يەتمىگەندەك چىدىغۇسىز تۆھمەتلەرگە قالغان چاغلاردىمۇ، ئۇنىڭ رىيازەتلەردىن پۈتمىش ئۆمۈر داستانىنى ”ھىسسىياتنى تۇۋارغا ئايلاندۇرۇش تىجارىتى“ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار، جامائەتنىڭ دىققىتىنى ئۆزى تەرەپكە چېكىش غەرىزىدىكى پۇرسەتپەرەستلەر ئۆز غەرەزلىرى يولىدا پايدىلىنىۋېلىپلا خۇددى ”ھاڭگا ئېشەك بالىسىغا

ئەگە بولمىغاندەك" تاشلىۋەتكەن چاغلاردىمۇ،مۇشۇ ھۆر دۇنياغا كېلىپمۇ سوغۇقتا ئۈشۈپ، يېتىم بالىدەك غېرىپسىنىپ، كېسەل بولغاندا قارىغىلى ھېچكىمى يوق، ئۆلۈمنى كۈتۈپ ياتقاندىمۇ ۋەتەننىڭ نىداسىنى ۋاقىرىماقتىن، مىللەتنىڭ دادىنى داتلىماقتىن ھېرىپ قالغىنى يوق. ئۇنىڭ قېنى شېھىدلەرنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ "مەن ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن شۇنچە يىل رىيازەت چەككەندىكىن، خەلقىم ماڭا رەخمەت ئېيتامدىكىن، مېنى قەھرىمانىمىز دەپ ھۆرمەت قىلامدىكىن" دېگەن تامادا بولماي، پەقەت ۋە پەقەت ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ۋىجدانىي بۇرچىنى ئادا قىلماقتا. چۈنكى ئۇ بۇ خەلقنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزى بىلىدۇ، خۇددى ئاۋار شائىرى رەسۇل ھەمزەتوۋ ئېيتقاندەك، "مىللىتىم دەيسەن، لېكىن، مىللىتىڭ ئاتقان ئوقتىن ئۆلىسەن!" دېگەن بۇ تەتۈر قىسمەت شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلاپچىلىرىغا تېخىمۇ ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقى، خەلقنى دەپ راھەت پاراغىتىدىن كەچكەن ئوغلانلارنى خەلق سۆيمىگەندىن تاشقىرى تۆھمەت ئوقلىرى بىلەن زېدىلەيدىغانلىقىنىمۇ بىلىدۇ، ئۇنداقكەن، ئۇلارنىڭ رەخمەت ھەشقاللىسىدىن بىھاجەت، ئۆزىنىڭ ئەبىدىلىك غايىسى ئۈچۈن ئاخىرقى تىنىقى قالغىچە كۆرەش قىلىشنى بەخت ھېساپلىغان. ئۇ ئەنە شۇنداق ئاددىي، ئەمما گىگانت جەڭچى! شەرقىي تۈركىستان مانا شۇنداق ئوغۇللىرى بىلەن پەخىرلىنىدۇ؛ شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلاپ تارىخى مانا شۇنداق ئەزىمەتلەرنىڭ شانلىق ئىزلىرى بىلەن بېزىلىدۇ!

خۇلاسە كالام، مانا شۇ ئەسلىمىنى يېزىش غايىسىمۇ ئۇنىڭ ئاخىرقى كۆرەش مېۋىلىرىدىن بىرىدۇر. ئۇ خىتاي تۈرمىلىرىنى، بىزنىڭ ئازادلىق چوقانلىرىمىزنى دۇنيا بىلسۇن دېگەن ئۈمىدتە ئۆزۈندىن بىرى بىر ئەسلىمە يېزىش ئارزۇسىدا بولۇپ كەلگەن ئىدى. ئازاپلار دەستىدىن ئاساسەن كاردىن چىققان بولۇشىغا قارىماي، بۇ ئۇزاق

ئۆتمۈشتىن باشلانغان ئەسلىمىنى ئاخىر تاماملىدى. بۇ ئاللاھنىڭ ئىنايىتى، ئەلۋەتتە! مۇھتىرەم جەڭچىنىڭ يېشى ۋە كەچمىشىنى نەزەردە تۇتقان ئوقۇرمەن، ئەسلىمىنىڭ بەزى جايلىرىنىڭ "شالاڭ" ، بەزى جايلىرىنىڭ "قويۇق" يېزىلىپ قالغىنىنى كەچۈرەر دەپ ئويلايمىز.

ئەسلىمىدىكى، يېقىنقى زامان تارىخىمىزغا ئالاقىدار كىتاپلاردا كۆپ تىلغا ئېلىنغان ۋاقەلەر چىقىرىپ تاشلىنىپ، خاس "بارات ھاجىنىڭ" ئەسلىمىسى ھالىتىگە كەلتۈرۈشكە تىرىشىلدى. ئەسلىمىدە تىلغا ئېلىنغان يىللارنىڭ تارىخىي چىنلىقىغا ئۇيغۇن ياكى ئەمەسلىكى ماتىرىياللار (چۈنكى، قولىمىزدا يازما تارىخىي ماتىرىياللار كەمچىل بولغانلىقى ئۈچۈن)بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈلمىدى (شۇڭا، بۇ كىتاپتىن تارىخىي ماتىرىيال سۈپىتىدە پايدىلىنىش، نەقىل ئېلىشقا توغرا كەلسە باشقا ماتىرىياللارغا سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ ئاندىن پايدىلىنىش تەۋسىيە قىلىنىدۇ). مۇمكىنقەدەر ئەسلى ساددىلىقىنى ساقلاپ قېلىش پىرىنسىپ قىلىندى. باشقا تولۇقلاشقا تېگىشلىك موھىم نۇقتىلار ئەسكە كەلسە ياكى ئوقۇرمەنلەر تەرىپىدىن كۆرسىتىپ بېرىلسە قايتا نەشرى ئۈچۈن پايدىلىق بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز. شۇنداقلا خاتالار ھەققىدىكى تەنقىدىي پىكىرلەرمۇ كىتاپنىڭ مۇكەممەللىشىشىگە پايدىلىق بولىدۇ دەپ ئويلايمىز.

مۇھەررىر

# مۇقەددىمە

مەن مىلادى 1910- يىلى 6- ئاينىڭ 10- كۈنى قەشقەر شەھىرىنىڭ ئەيشىمكا—يىپەكچىلەر كوچىسىدا ئولتۇرۇشلۇق تىجارەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. دادامنىڭ ئىسمى ھاجى بولۇپ، تاشقى سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دىندار ئادەم ئىدى. تىجارەتتىن بوشىغان مەزگىللىرىدە بالا ئوقۇتۇش ئىشلىرى بىلەنمۇ شۇغۇللىناتتى. ئانامنىڭ ئىسمى توختىخان، شەرقىي تۈركىستاندا ئەڭ كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدىغان ئاددىي ئائىلە ئايالىدىن بىرسى ئىدى. سەككىز يېشىمدا (1918- يىلى) دادام مېنى شەھەرنىڭ سىرتىدىكى قاسىم ھاجى خەلپىتىمنىڭ ئۆيىگە دىنىي ئوقۇش ئۈچۈن ئاپىرىپ بەردى. شەھەر ئىچىدە ئوقۇشۇمنى ماقۇل كۆرمەسلىكىدە شۇ زامان ئېڭىغا كۆرە ”كىچىك تۇرۇپلا كوچىغا چىقىپ قالىدۇ“ دېگەن ئەنئەنىۋىي قاراش توسالغۇ بولغان ئىكەن. .

قاسىم ھاجى خەلپىتىمنىڭ ئۆيى «غوجى چوڭنىڭ قۇملۇقى» دېگەن يەردە بولۇپ، بۇ يەر تۆشۈك دەرۋازىنىڭ[1] سىرتىدا ئىدى. ئۇ زاماندا خىتايلار ئۈچۈن تەرجىمان بولۇش ئېھتىياجىنى قامدايدىغان «شۆ تاڭ»[2] دىن

---

[1] تۆشۈك دەرۋازا — شۇ زامانلاردىكى قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدىكى دەرۋازىسى بولۇپ، ھەزرەت، بەشكېرەم تەرەپلەرگە چىقىلىدىغان دەرۋازا ئىدى، — مۇھەررىر.

[2] شۆتاڭ — ئىككىنچى قېتىملىق خىتاي ئىستىلاسىدىن كېيىن شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي ئەمەلدارلار ۋە سانى ئىنتايىن ئاز بولغان جازانىخور، گۆرۆكەش خىتايلارنىڭ بالىلىرىنى ۋە ھاكىمىيەتنىڭ خىزمەت ئېھتىياجى بولغان مالايلار،

باشقا ھۆكۈمەت مەكتەپلىرى بولمايتتى. يەرلىك مەكتەپلەردە، ئۇستازلارنىڭ ئۆيلىرىدە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ئىنتايىن قالاق شەكىلدە بولۇپ، مۇكەممەل مائارىپ پروگرامى ۋە قېلىپلاشقان دەرسلىكتىن سۆز ئاچقىلى بولمايتتى. ئوقۇغۇچىنىڭ ھەر بىرىدە خەت يازىدىغان كىچىك تاختا بولاتتى، خەلپىتىم شۇنىڭغا خەت يېزىپ بېرەتتى، ئاستىغا شۇ ئۆرنەك بويىچە خەت يازاتتۇق ياكى شۇ يېزىلغاننى ئوقۇشنى مەشىق قىلاتتۇق. بۇ ئوقۇشنى بەش يىل داۋام قىلدىم. ئۇنىڭدىن كېيىن بەشئېرىق مەھەللىسىدىكى لايپەشتاق مەدرىسىگە ئاپىرىپ بەردى. بۇ مەدرىستە ئىككى يىل ئوقۇدۇم. ئۇنىڭدىن كېيىن ئودالدى(ئوردا ئالدى) دىكى ياقۇۋاخۇن ناۋاتچىغا ناۋاتچىلىق ھۈنىرىگە شاگىرتلىققا بەردى. بۇ ھۈنەردە ئۈچ يىل تۇردۇم.

ئۇ زامانلاردىكى ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنىڭ قالاقلىقى ۋە ئۇستازلارنىڭ قوسىقى تارلىقى تۈپەيلى بەش ئالتە يىل ئوقۇپمۇ تۈزۈكرەك ساۋات چىقمايتتى، ئەپلەپ خەت ئوقۇيالايدىغان بولسىمۇ، خەت يېزىشنى بىلمەيدىغان چالا ساۋات قالدۇرۇلاتتى. ھۈنەرۋەنلىكمۇ خۇددى شۇنداق بولۇپ، ئادەتتىكىچە بىر ھۈنەردە بىرنەچچە يىل تۇرۇپمۇ تۈزۈكرەك ئۆگىنەلمەي ئۆمۈر زايا بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مەن بەك ساۋاتلىق بولالماي ئوقۇش ۋە ھۈنەر ئۆگىنىشلىرىمنى "تامالاپ" ئەلچىخانىدا[1] دۇكان ئېچىشقا باشلىدىم. بۇ مەشغۇلاتىم 1930- يىللىرىغىچە داۋام قىلدى.

1931- يىلى قۇمۇلدا خىتايلارغا قارشى باشلانغان خەلق ئىنقىلابىنىڭ خەۋىرى قەشقەرگە يېتىپ كېلىشى بىلەنلا قەشقەردە

---

تەرجىمانلارنى يېتىشتۇرۇش ئۈچۈن يەرلىكلەرنىڭ باللىرىنى ئوقۇتىدىغان مەكتەپنىڭ نامى —م.

[1] ئەلچىخانا — ئوردائالدىنىڭ يەنە بىر خىل ئاتىلىشى — م.

ئىنقىلاپ تەشۋىقاتى ئەۋج ئېلىپ كەتتى. دىنىي ۋەزلەرگە بىرلەشتۈرۈپ جىھاد چاقىرىقى ھە دەپ سۆزلەنگەچكە خەلقىنىڭ قەلبىدە ئىنقىلاپنىڭ ئوتى يالقۇنلاشقا، خىتايغا بولغان نەپرەت ۋە ئۆچمەنلىكى غەزەپلىك چوقانغا ئايلىنىشقا باشلىدى. مېنىڭ قەلبىمدىكى ۋەتەن سۆيگۈسى، مىللەت سۆيگۈسى ۋە دۈشمەنگە بولغان ئۆچمەنلىك، نەپرەت ئەنە شۇ چاغلاردا بىخلىنىشقا باشلىغان دېيىشىم مۇمكىن. ئىنقىلابىي قوشۇن قەشقەر شەھىرىگە ئاياق بېسىشى بىلەنلا نۇرغۇن ياشلار ئۆزلىرىنى ئەسكەرلىككە تىزىملىتىشقا باشلىدى. جىھادنىڭ ساۋابى، جەننەتنىڭ خۇشخەۋىرى، شېھىدلىك مەرتىۋىسى،... دىن تەسىرلەنگەن دادام مېنى ئۆزى ئېلىپ بېرىپ ئەسكەرلىككە بەردى.

# جەڭچىلىك ھاياتىمنىڭ باشلىنىشى

مەن ئەسكەر بولغاندىن كېيىن تۇنجى قېتىم 1931- يىل 12- ئايدا يېڭىشەھەرنى ئېلىش جېڭىگە قاتناشتىم. مامۇت ئابدىراھمان ئىسىملىك ئوتتۇز بېشىنىڭ قوماندانلىقىدىكى بۆلۈكتە ئاددى ئەسكەر بولغانلىقىم ئۈچۈن باشقا چوڭلارنى بىلمەيتتىم. پەقەت ئەڭ چوڭلىرىمىز خوجا نىياز ھاجى دېگەننى ئاڭلايتۇق. كېيىنچە بۇ ئەتراپلاردىكى ئەمەلىي ئۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىۋاتقانلاردىن بىر قىسمىنىڭ ئىسىملىرىنى ئارىمىزدىكى ”ئۇزۇن قۇلاق“ جەڭچىلەردىن ئۇقتۇم. باشتا خوجانىياز بولغاندىن تاشقىرى ئەمەلىي جەڭگە قوماندانلىق قىلغانلار كۇچادىن ھەمدەمبەگ ھاجى، بۇ كىشى كۇچا ئەسكەرلىرىنىڭ قوماندانى، ئاقسۇ ئەسكەرلىرىنىڭ قوماندانى باي سىجاڭ[1]، قەشقەر ئەسكەرلىرىنىڭ قوماندانى ئاتۇشلۇق كىچىك ئاخۇن تەنجاڭ[2] قاتارلىقلار ئىكەن. يېڭىسار ۋە ياپچان تەرەپلەردىن كەلگەن ئەسكەرلەرنىڭ قوماندانى ياپچانلىق مۇقادىن ھاجى ئىدى. مېنىڭ بىلىشىمچە بۇ ئۇرۇشنىڭ قوماندانلىرى يوقىرقىلار ئىدى. ياش بولغانلىقىم، ئۇنىڭ ئۇستىگە «ئۆلسەك شېھىد، قالساق غازى» دېگەن مەزمۇندىكى ۋەزلەرنى كۆپ ئاڭلاپ كەتكەچكە قورقۇش خىيالىمغا كەلمىگەن، ئەكسىچە ھەممىگە قىزىقىش، ھەممىنى قىلىپ بېقىش،

---

[1] سىجاڭ — خىتايچە 师长(شىجاڭ) نىڭ بۇزۇپ ئېيتىلىشى بولۇپ، دىۋىزىيە قوماندانى، تۈمەن بېشى — م.

[2] تەنجاڭ — 团长(تۇەنجاڭ)نىڭ بۇزۇپ ئېيتىلىشى بولۇپ، پولك كوماندىرى، مىڭبېشى (تۈركچە ئالاي بېشى) — م.

كۆرۈپ بېقىش ئىستىكىم قەلبىمدە ھۆكۈمران ئىدى. دۈشمەنگە بولغان ئۆچمەنلىك، غەزەپ - نەپرەت ھىسلىرىمنىڭ مەۋج ئۇرۇپ تۇرىشى ئۇنداق پاسسىپ روھى ھالەتلەردە بولۇشۇمغا يول بەرمەيتى، ئەكسىچە ئۆلۈمگە ئۆزىنى ئۇرۇپ تۇرىدىغان قەھرىمانلىقتا، تەۋەككۈلچىلىككە ئۈندەيتى.

ئۇ چاغدا ئەسكەرلەرنىڭ تولىسى دىھقانلار بولغاچقا يازدا دىھقانچىلىق قىلىپ، قىشتا ئۇرۇش قىلاتتى. بۇ ئۇرۇشقا بىز قەشقەر شەھرىدىن يولغا چىقتۇق. پېشىندىن ئەسىرگىچە سەككىز تاشقا يىغىلدۇق. سەككىز تاشتا كەچ سائەت تۆرتكە قەدەر ساقلاپ، سائەت تۆرت بولغاندا بېزىشەھەرگە قاراپ ئاتلاندۇق. يېڭىشەھەر سەككىز تاشتىن ئۈچ كىلومېتىر كېلەتتى. ئەسكەرچە تىزىلىپ ئىنتىزامچانلىق بىلەن ماڭاتتۇق. مېنىڭ قولۇمدا ئۇزۇن بىر ئاتار مىلتىق بار ئىدى. بىز كىچىك ئاخۇن تەنجاڭنىڭ قوماندانلىقىدىكى ئەسكەرلەر 12وو كىشى ئىدۇق. بىز خىتايلارنى تۇيۇپ قالمىسۇن دەپ يېڭىشەھەرگە بارغىچە گەپ- سۆز قىلىشماي ماڭدۇق. بىر سائەت ئەتراپىدا يېڭىشەھەرگە بېرىپ بولدۇق ۋە قېچىرچى دەرۋازىسىغا چۈشتۇق.

يېڭىشەھەرنىڭ ئۈچ دەرۋازىسى بولۇپ، بىرى يېڭىشەھەر دەرۋازىسى، بۇ يېڭىشەھەر سېپىلىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە توغرا كېلەتتى؛ يەنە بىرى، قېچىرچى دەرۋازىسى، سېپىلنىڭ جەنۇپ تەرىپىدە؛ يەنە بىرى ناچۆق دەرۋازىسى، سېپىلنىڭ شەرق تەرىپىگە توغرا كېلەتتى.

بۇ جەڭدە يېڭىشەھەر دەرۋازىسىغا باي سىجاڭ بىلەن ھەمدەمبەگ ھاجى باشچىلىقىدىكى ئەسكەرلەر ھۇجۇم قىلدى. قېچىرچى دەرۋازىسىغا ئاتۇشلۇق كىچىك ئاخۇن تەنجاڭ باشچىلىقىدىكى ئەسكەرلەر؛ ناچۆق دەرۋازىسىغا مۇقادىن ھاجى باشچىلىقىدىكى ئەسكەرلەر ھۇجۇم قىلدى. مەن بار بۆلۈكمۇ كىچىك ئاخۇننىڭ قوماندانلىقىدا ئىدى. قەشقەر شەھرى، ئاتۇش، مارالۋېشى ۋە پەيزىۋات قاتارلىق يەرلەردىن كەلگەن ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى بۇ بۆلۈكتە ئىدى. بۇ ۋەقەلەر 1931- يىلى 12 -

ئايىنىڭ 10 -، 15- كۈنلىرى ئارىسىدا بولغان بولسا كېرەك.

بىز (كىچىك ئاخۇننىڭ ئەسكەرلىرى) ئون شوتا، ھەمدەمبەگنىڭ ئەسكەرلىرى ئون شوتا، مۇقادىن ھاجىنىڭ ئەسكەرلىرى ئون شوتا،... جەمئىي 50 دانە شوتا ئېلىۋېلىپ بارغانىدۇق ۋە ئۈچ دەرۋازىغا ئوت قويۇش ئۈچۈن يېتەرلىك ياغ قاتارلىق نەرسىلەرنىمۇ ئېلىۋالغانىدۇق. قوماندان بىزدىن 200 ئادەمنى شوتىغا مەسئۇل قىلدى. 100 ئادەمنى دەرۋازىلارغا ئوت قويۇشقا ۋە سېپىلدىن قېچىپ چىققان خىتايلارنى ئۆلتۈرۈش ياكى ئەسىر ئېلىشقا مەسئۇل قىلدى. 300 ئادەمنى ئارقا سەپ مۇداپىئەدە تۇرۇشقا، ئۆلگەنلەرنى توشۇشقا ۋە تۇيۇقسىز بوپ قالىدىغان ھۇجۇملارغا مۇداپىئەدە تۇرۇشقا مەسئۇل قىلدى. مەن زاپاستا قېپقالغان 600 ئەسكەر قاتارىدا ئىدىم.

بۇ ئۇرۇش تۆرت سائەت داۋاملىشىپ، ئاخىرى مەغلۇبىيەت بىلەن تۈگىدى. چۈنكى قوماندانلارنىڭ پىلانىچە، ئەسكەرلەر خىتايلارغا تۇيدۇرماي سېپىلگە چىقىشى كېرەك ئىدى. شۇنداق بولغاندا سېپىل ئۈستىگە چىققانلار سېپىل ئىچىگە ھۇجۇم قىلىدىغان ۋە دەرۋازىغا ئوت قويۇۋېتىپ دەرۋازىدىن خىتايلارنى قاچقىلى قويمايدىغان نەتىجىگە ئېرىشىش مۇمكىن ئىكەندۇق. بىراق ئۆمەربەگ دېگەن مۇناپىق خىتايلارغا سېتىلىپ بولغان ئىكەن. ھەمدە ئايغاقچىلىق قىلىش ئۈچۈن ھەمدەمبەگ قوشۇنىغا قېتىلىۋالغان ئىكەن. بىز سېپىلگە يېقىن بارغاندا ئۇ مۇناپىق بىر پاي ئوق چىقىرىپ بەلگە بېرىپ خىتايلارنى ئويغۇتۇپ قويۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن خىتايلار ھوشيارلىشىپ يەر ئاستى ئاكوپ ئارقىلىق ئارقىمىزدىن چىقىپ قورشىۋالدى ۋە سېپىل تۈۋىگە بارغان ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسىنى شېھىد قىلىۋەتتى. يەنى 200 ئەسكەر شېھىد بولدى. 580 ئەسكەر ئېغىر يارىدار بولۇپ ئاخىرى ئۆلۈپ تۈگىدى. چۈنكى داۋالايدىغان دوختۇر يوق ئىدى. ئوق يارىسى يۇقۇملۇنۇپ كەتسىلا قان زەھەرلىنىپ ئۆلۈمگە ئېلىپ باراتتى.

بۇ ئۇرۇشتا ماڭا 75 تال ئوق بېرىلگەن بولۇپ، خىتايلار بىلەن ئېتىشقان چاغدا مەنمۇ ئۇ ئوقلاردىن دۈشمەنگە قارىتىپ 30 پاي ئاتقانىدىم. ئەمما كۆپ مەشق كۆرمىگەچكە دۈشمەن تەرەپكە قارىتىپ قاراقويۇق ئېتىۋېرەتتۇق، چەنلەپ ئېتىش، تەگدۈرۈش توغرىسىدا سۆز بولۇشى تېخى ئەتتىگەن ئىدى. مېنىڭ ئوقلىرىمدىن بىرەر تېلى دۈشمەنگە تەككەن تەگمىگەنلىكىنى بىلمەيمەن، ئىشقىلىپ، 30 تال ئوقنى ئاتقىنىملا ئېسىمدە.

قېچىرچى دەرۋازا تەرەپتىن، يەنى مەن تۇرغان قوشۇندىن 15 ئەتراپىدا ئادەم شېھىد بولدى. ھەمدەمبەگ ھاجىغا ئالدى- كەينىدىن ھۇجۇم قىلىنغاچقا ئۇنىڭ قوشۇنىدىن كۆپراق ئادەم شېھىد بولدى. بۇ ئۇرۇشتا "ھۇررا" دەپ توۋلاۋاتقان نىمشېھىد داموللامنىڭ ئاغزىدىن ئوق كىرىپ گەردىنىدىن چىققان بولسىمۇ، ئۇ ئادەم يەنىلا ئۆلمەي ھايات قالغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئادەمگە «نىمشېھىد» (يېرىم شېھىد) دەپ نام قويۇلغان ئىدى. ئۇ كىشىنىڭ ئەسلى ئىسمى: ئارمىيە ئېلى داموللام① ئىدى. بۇ كىشى ئۆتكۈر شائىر ۋە دىنى ئالىم ئىدى.

مەغلۇبىيىتىمىز مەندە ئىنتايىن كۈچلۈك ھەسرەت تۇغدۇردى. دۈشمەننى كۆپرەك ئۆلتۈرۈش، تارىخىي قىساسلىرىمىزنى ئېلىپ پۇخادىن چىقىش ئىستىكىم قانمىغاچقا بەكمۇ ئېچىم ئېچىشتى. شېھىد بولغانلارنىڭ قورقۇنۇچلۇق ھالەتتىكى جەسەتلىرى، تۆكۈلگەن بىھېساپ قانلار كۆز ئالدىمغا كەلسىلا ۋۇجۇدۇم شۇركىنىپ كېتەتتى، خىتايلارغا بولغان ئۆچمەنلىكىم تېخىمۇ كۈچىيىپ، ئۆچ ئېلىش ئىستىكىم تەخىرسىز قىستايتى. كېلەر قېتىمدا راسا بىر پۇخادىن چىقىش ئارزۇسى

① نىمشېھىد ئارمىيە ئېلى سايرامى —— شەرقىي تۈركىستاننىڭ مەشھۇر شائىرلىرىدىن بىرى بولۇپ، شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئىنقىلابىنىڭ ئىشتىراكچىسى —— م.

بىلەن ئۆز ئۆزەمگە تەسەللى بېرىپ، بېسىقىمغا چۈشەتتىم.

بىز بۇ مەغلۇبىيەتلىك ئۇرۇشتىن كېيىن قەشقەر شەھىرىگە قېچىپ كىردۇق. ھەمدەمبەگ ھاجىمۇ قەشقەر شەھىرىگە كىرىۋالدى. مۇقادىن ھاجى جاڭگال ئارقىلىق ئوردا خېنىمغا[1] قېچىپ كەتتى.

[1] ئوداخان پادىشايىم —— يېڭىسار تەۋەسىدە بولۇپ، سوپى - ئىشانلارنىڭ تاۋاپگاھلىرىدىن بىرى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان خەلقنىڭمۇ خېلى كۆپچىلىكى بۇ يەرگە تاۋاپقا بارىدۇ —— م.

# ئورمانلىقتىكى جەڭ

1932- يىلى 2- ئاي مەزگىلى ئىدى. خوجا نىياز ھاجى قەشقەرگە كەلدى. ئۇ مامۇت سىجاڭ[①] بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، يېڭىشەھەرنى پەتھ قىلىشتىن ۋاز كېچىپتۇ. چۈنكى يېڭىشەھەردىكى خىتايلار سېپىل ئىچىدە بولغانلىقى ۋە خەلق ھىمايە قىلمىغانلىقى ئۈچۈن سېپىلنىڭ ئىچىدە تۇرىۋېرىپ زېرىكىدۇ ۋە يېمىكى تۈگەپ ئاخىر تەسلىم بولىدۇ دەپ قاراپ، ھۇجۇمنى باشقا يەرلەردىكى خىتايلارغا قىلىشنى توغرا تېپىپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يەكەنگە ھەمدەمبەگ ھاجى بىلەن باي سىجاڭنىڭ قوشۇنىنى ئەۋەتتى. قومۇللۇق ھاپىز لۈجاڭ[②] دېگەن ئادەم باش كومسار بولدى. ئۇلۇغچاتقا قىرغىز ئوسمان ئالىنى باش قوماندان قىلىپ، ئاتۇشلۇق بىر ئادەمنى ۋە قىرغىز ئوراز بەگنى مۇئاۋىن قوماندان قىلىپ، 600 قىرغىز ئەسكەر، 700 ئۇيغۇر ئەسكەر جەمى 1300 ئەسكەر بىلەن ئەۋەتتى. مارالۋېشىغا ئاقسۇدىن قاچقان خىتايلارنى يوقۇتۇش ئۈچۈن كىچىك ئاخۇن باشچىلىقىدىكى 1200 ئەسكەرنى ئەۋەتتى ۋە ئۇنىڭغا يەنە 300 ئەسكەر قېتىپ بەردى. بۇ 1500 ئەسكەر ئىچىدە 200 ئاتلىق ئەسكەر بار ئىدى. قالغانلىرى ئات ھارۋىسى ۋە كالا ھارۋىسىغا چىقىپ ۋە پىيادە

---

① مامۇت سىجاڭ — ئەسلى ئىسمى مەھمۇت مۇھىتى بولۇپ، جەنۇپ خەلقى مامۇت سىجاڭ دەپ ئاتايدۇ. يېقىنقى زامان تارىخىمىزدىكى مەشھۇر شەخسلەرنىڭ بىرى — م.

② لۈجاڭ — خىتايچە 旅长 (لۈجاڭ)، برىگادىر ، برىگادا باشلىقى — م.

بولۇپ ماڭدۇق. بۇ ھارۋىلارنىڭ كۆپىنچىسىگە ئەسكەرلەرنىڭ لازىمەتلىك نەرسىلىرى يۈكلىنەتتى. بىز مارالۋىشىغا قاراپ يولغا چىققان كۈن 1932- يىلى 3- ئاينىڭ 1- كۈنلىرى ئىدى. ئۇ چاغدىكى ئادىتىمىزدە دۈشەنبە، چارشەنبە ۋە شەنبە كۈنلىرى سەپەرگە چىقاتتۇق. شۇ ئادەتكە ئاساسەن مارالۋىشىغا ماڭغان كۈنىمىز دۈشەنبە بولسا كېرەك دەپ ئويلايمەن. ئالدىمىزدا شاتۇرلار (رازۋېتچىكلار) ماڭاتتى. ئۇلار ئالدىمىزدا دۈشمەن بارمۇ - يوقمۇ؟ ئەسكەرلەر كەلگەندە قەيەرگە چۈشسە مۇۋاپىق بولىدۇ، بۇلارنى تەكشۈرۈپ قوشۇنغا خەۋەر بېرەتتى. چوڭ قوشۇن چۈشۈشتىن بىر كۈن بۇرۇن قوشۇن چۈشمەكچى بولغان يۇرتنىڭ بەگلىرىگە بۇيرۇق چۈشۈرەتتى، ئۇ بەگلەر بىزگە مۇۋاپىق نەرسىلەرنى تەييارلاپ قوياتتى. بەگلەر بۇ چىقىمنى شۇ يەردىكى بايلاردىن يىغاتتى. ئەگەر بۇ چىقىم غەللە - پاراق ئامبىرىدىن ئەكىلىنگەن بولسا مەيلى، ئەگەر شەخسلەردىن ئېلىنغان بولسا بۇنىڭغا قارىتا خوجا نىياز ھاجىم تەكشۈرۈپ ھۆججەت بېرەتتى. يەنى شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى قۇرۇلغاندا بۇنى قايتۇرۇش ھەققىدە ھۆججەت بېرەتتى. ئەمەلىيەتتە كېيىن ھەممىسى قايتۇرۇلمىدى. ھۆججەتنىڭ مەزمۇنىغا تۆۋەندىكى سۆزلەرمۇ يېزىلاتتى: ”شەرقى تۈركىستاننىڭ ئازاتلىقىنى قوللاش ۋە ياردەم بېرىش شەرقىي تۈركىستان پۇخرالىرىنىڭ مەجبۇرىيىتى. ئاللاھقا بەندە، رەسۇلۇللاھقا ئۈممەت بولغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ خىتايلارغا قارشى ئىسلامىيەت غەلىبىسى ئۈچۈن ياردەم بېرىش مەجبۇرىيىتى بار. ۋەتەننى قوغداش ئىماننىڭ جۈملىسىدىن...“ بۇ مەزمۇندىكى خەتلەرنى شاتۇرلار ئالدىن ئاپىرىپ خەلققە تەشۋىق قىلغاچ تۇراتتى.

بىز يولغا چىقىپ بىرىنچى كۈنى يېڭىشەھەر ياندۇمىنىڭ ئايىغىدىكى گەمىساڭ دېگەن بىر لەڭگەرگە چۈشتۇق. ئەتىسى گەمىساڭدىن شاقىراتما دېگەن يەرگە كەلدۇق. 3 - كۈنى شاقىراتمىدىن ئۆدەكلىككە چۈشتۇق. 4 - كۈنى ئۆدەكلىكتىن تۇڭگان مازار دېگەن

مارالۋېشىغا تەۋە بىر يەرگە چۈشتۇق. ئۇ يەردە بىر كۈن تۇردۇق. مارالۋېشى شەھرىگە كىرىش ئۈچۈن مارالۋېشىدىكى ھەرقايسى يۇرت بەگلىرىنى، يۈز بېشى، ئون بېشى، مەھەللە ئاقساقاللىرى ۋە يۇزلۇك موللىلارنى چاقىرتىپ ئۇلارغا مەجلىس ئاچتى. بۇلار مارالبېشى ناھىيە ئىچى، شاقو، پىچاق سۇندى، چارۋاغ، ئاقساقمارال، سېرىقبۇيا، چوڭقۇرچاق قاتارلىق ناھىيەگە تەۋە يەرلەردىن كەلدى. ئۇلارغا ئېچىلغان مەجلىسنىڭ ئاساسي كۆنتەرتىپى: "قولۇڭلاردا خىتايلاردىن قېپقالغان، ئولجا ئالغان ۋە باشقا قوراللار بولسا بۇ ئىسلام قوشۇنىغا تاپشۇرۇۋېتىڭلار، بۇ ئىسلامىيەتكە چوڭ خىزمەت قىلغانلىق بولىدۇ. ئەگەر قولۇڭلاردا قورال- ياراق بولۇپ، مۇشۇ ئون كۈن ئىچىدە تاپشۇرمىساڭلار، بىز كېيىن بىلىپ قالساق قاتتىق جازالايمىز، چۈنكى ئۇنداق ئادەملەر ئىسلامغا ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ، ھەم خائىن ھىساپلىنىدۇ"دېگەن مەزمۇندا ئىدى. بۇ مەجلىس ئىككى كۈن ئېچىلدى. ئىككى كۈندىن كېيىن مارالبېشىغا داغدۇغۇلۇق كىردۇق. مارالبېشى خەلقىمۇ بىزنى داقا ـ دۇمباق چېلىپ قىزغىن كۈتىۋالدى. مارالبېشى خەلقى بىزگە: "شاقۇدا كۆپ خىتايلار بار، ئۇلار خەلقنى بۇلايدۇ" دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزدى. كىچىك ئاخۇن تەنجاڭ 200 ئەسكەرنى بۇ خىتايلارنى يوقۇتۇشقا شاقۇ تەرەپكە ئەۋەتتى. بۇ 200 ئەسكەر قاتارىدا مەنمۇ بار ئىدىم. كىچىك ئاخۇن تەنجاڭ مامۇت سىجاڭغا: "بۇ خىتايلارنى تۇتىۋالساق قانداق قىلىمىز" دەپ سورىغان ئىكەن، مامۇت سىجاڭ "سىلەرگە قارشىلىق كۆرسەتسە ھەممىسىنى يوقوتىۋېتىڭلار" دەپ يولىيورۇق بېرىپتۇ. بۇ 200 ئەسكەرگە قەشقەر شەھەرلىك ئابلا تەنجاڭ قوماندان بولۇپ ماڭدى. مەندە بۇرۇنقى قورالىم —بىر ئاتارىم بار ئىدى. مەن ئابلا تەنجاڭغا خىزمەت قىلاتتىم. بىكار بولسام ئۇنىڭغا خىزمەت قىلاتتىم، ئەگەر ئەسكەرلەرگە بۇيرۇق چۈشۈرمەكچى بولسا مەن جاكارچىلىق قىلاتتىم. بىز مارالبېشىدىن چىقىپ شاقوغا ئۈچ كۈندە باردۇق. يەنى خىتايلار ئورۇنلاشقان ئورمانلىققا باردۇق. ئۇ يەردىكى

دېھقانلارنى ۋە پادىچىلارنى يىغىپ، ئۇلاردىن خىتايلارنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى سۈرۈشتە قىلىۋىدۇق، بۇ ئورمانلىقنى پادىچىلار دەپ بەردى. بىر پادىچى: ”ئاۋۇ يوقۇرى تەرەپتە (شىمال تەرەپنى كۆرسەتتى) چوڭ ـ چوڭ يۇلغۇنلار بار، ئاشۇ يەرگە يوشۇرۇنغان بولسا كېرەك“ دېدى. بىز شۇ يۇلغۇنلۇققا باردۇق. بۇ چاغ كېچە بولغاچقا ئوتۇن يىغىپ ئوت ياقتۇق. ئابلا تەنجاڭ ئۈرۈمچىدە خىتايچە مەكتەپتە ئوقۇغانىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ خىتايچە: ”تەسلىم بولساڭ ئامان قالىسەن! ئىسلامغا كىرسەڭ ئامان قالىسەن“ دەپ ۋارقىراپ توۋلاپ تۇراتتى. ئەمما خىتايلاردىن ھېچ سادا چىقمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ سانىمىزنىڭ كۆپلىكىنى كۆرسۇن دەپ، ئوت ياقتۇق، يەنە ھېچقانداق سادا چىقمىدى. بۇ چاغدا ئون ئادەم چىقىپ بىز تەكشۈرۈپ تاپىمىز يەنى يۇلغۇنلۇققا كىرىمىز دەپ تەلەپ قىلغاچقا ئابلا تەنجاڭ ماقۇل بولدى. ئۇلار يۇلغۇنلۇققا كىرىپ كەتتى. بۇ ئادەملەردىن ئىككىسى قەشقەرلىك، ئۈچى ئاتۇشلۇق، ئۈچى پەيزىۋاتلىق، ئىككىسى مارالبېشىلىق ئادەملەر ئىدى. بۇلار ياش باللار بولۇپ، جەڭگە شۇنداق قىزغىن ئىدى. مەن بۇ چاغدا شتاپتا ئابلا تەنجاڭنىڭ خىزمىتىدە ئىدىم. يوقۇرىدىن ئادەم كەلسە كىم كەلگەنلىكىنى ئابلا تەنجاڭغا مەلۇم قىلاتتىم. بۇ ئون ئادەمگە بىر ئون بېشى قوماندانلىق قىلاتتى. ئۇلار يۇلغۇنلۇققا كېتىپ تۆرت سائەتتىن كېيىن مامۇت دېگەن بىر شاتۇرىمىز كېلىپ: ”ئاۋۇ تەرەپتىن ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى! بۇ بىزنىڭ قوراللىرىمىزنىڭ ئاۋازىغا ئوخشىمايدۇ“ دېدى شىمال تەرەپنى كۆرسىتىپ. ئابلا تەنجاڭ ئەتراپىدىكى بارلىق ئەسكەرلەرگە مۇداپىئەنى كۈچەيتىشكە، كېچىچە ئوت قالاشقا ۋە تاڭ ئاتقاندا ئاندىن خىتايلارنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزدەشكە بۇيرۇق بەردى. ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا ئومۇمىيۈزلۈك ئىزدەشنى باشلىدۇق. بۇ جەرياندا كېچىدە ئوق ئاۋازى چىققان تەرەپتىن ئون ئادەمنىڭ جەسىدى تېپىلدى. 15 ئەتراپىدا ئادەمنىڭ ياردار بولغانلىقى مەلۇم بولدى. ئۆلگەن 10 ئادەم قاتارىدىكى بىزنىڭ بىر

ئەسكەر، بىر خىتاينىڭ قورالىنى تارتىۋېلىپ، قورسىقىغا مىنىۋېلىپ كانىيىغا پىچاق تىققانىكەن، يەنە بىر خىتاي كېلىپ ئۇنىڭ دۈمبىسىگە 2پاي ئوق ئېتىپ شېھىد قىپتۇ. ئۇ ئەسكەر ھېلىقى خىتاينىڭ قورسىقىغا مىنىكلىك ھالدا، بىر قولى خىتاينىڭ قورالىدا يەنە بىر قولى خىتاينىڭ كانىيىغا پىچاق تىققان ھالدا جان بېرىپتۇ. بۇ ھالەتنى رەسىمچىلارغا سىزدۇرۇپ شاتۇرلار ئارقىلىق قەشقەردىكى باش شىتاپقا ئەۋەتتۇق. بۇ كۆرۈنۈش قەشقەردە چىقىدىغان «ئىستىقلال» گېزىتىگە بېسىلدى. بۇ خىتايلار ئەتىسى قولغا چۈشتى. يەنى بىر مەزگىل بىز بىلەن ئېلىشىپ باقتى، ئاخىر ئوقى تۈگەپ بىزگە تەسلىم بولدى. ئۇلاردىن 100 دانە مىلتىق، 50 دانە قىلىچ، باشقا يەرگە كۆمۈپ قويغان 2000 پاي ئوق، ستۇلى سۇنۇپ كەتكەن بىر دانە گىرمانچە پىلمۇت ، 10 دانە تاپانچا، 10 كىلو ئالتۇن، 1000 سەر يۈەن شىكەي[1] تەڭگىسى قاتارلىق نەرسىلەرنى ئولجا  ئالدۇق. قولغا چۈشكەن خىتايلارنىڭ سانى 90 نەپەر بولۇپ، ئەسلى بۇلار 150 خىتاي ئىكەن. خىتايلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ دېيىشىچە، ئۇلارنىڭ قالغانلىرى ئاچ قېلىپ ئۆلگەنىكەن. ئۇلار بىلەن بىللە خىتايغا تەككەن ئىككى نەپەر ئۇيغۇر جالىپى تېپىلدى، بۇ ئىككىسىمۇ خىتايلار بىلەن بىللە قېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. ئادەتتە ھەر قېتىملىق ئىنقىلاپلىرىمىزنىڭ بىر ئەنئەنىسى، خىتايغا تەگكەن خوتۇنلار، خىتايغا ئىشلەيدىغان غالچىلارنى خىتايلاردىنمۇ بەك ئازاپلاپ، خەلقئالەمگە كۆرسىتىپ، سازايى قىلدۇرۇپ ئۆلتۈرۈش ئىدى. ئەمما بەزىدە ئۇرۇش ۋەزىيىتى جىددى بولغاندا ئۇلارنى خەلق ئارىسىغا ئاپىرىپ سازايى قىلىش، ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن تەشۋىقاتلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ

---

① يۈەن شىكەي — مىلىتارىست يۈەن شىكەي، ئۇ سۇن جوڭسەننى ئىستىپاغا قىستاپ تەختتىن چۈشۈرگەندىن كېيىن، 1915- يىلى ئۆزىنى خان دەپ ئېلان قىلغان. كۆپ ئۆتمەي خانلىقنى بىكار قىلىشقا مەجبۇر بولغان — م.

قىيناپ، ئۇزۇن ۋاقتتا ئۆلتۈرۈشكە ساقلاپ تۇرماي، شۇ يەردىلا ئىتتى ئاتقاندەك ئېتىپ تاشلاشقا توغرا كېلەتتى. ئەسلىدە بىز بۇ ئەسىرلەرنى يوقۇرىغا دوكلات قىلماقچى ئىدۇق، بىراق مارالبېشىلىق دېھقانلارنىڭ غەزىپى تېشىپ، 30 خىتايىنى كالتەكلەپ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. ئابلا تەنجاڭ بۇلارغا گەپ قىلىپ توختۇتۇپ قويدى. ئاڭغىچە يوقىرىدىن— خوجا نىياز هاجىلاردىن بۇ خىتايلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىش ھەققىدە بۇيرۇق كەلدى. بىز بۇ خىتايلارنى تۇمشۇق تەرەپتىكى تاغ تەرەپكە ئاپىرىپ ئېتىپ ئۆلتۇردۇق. ئابلا تەنجاڭ مېنىمۇ خىتايلارنى ئاتىدىغان ئەسكەرلەر قاتارىدا ئەۋەتكەندى. مەنمۇ بىر خىتايغا بىر پاي ئوق ئاتتىم. تەييار خىتايىنى ئېتىش گەرچە جەڭدە ئەركەكچىسىگە ئېتىشقاندىكىدەك هوزۇر بولمىسىمۇ، ھەرھالدا كۆزۈم كۆرۈپ بىر دۈشمەننى ئوق بىلەن يوقۇتۇشتەك بەختىيارلىق تۇيغۇسىنى تېتىدىم. مارالبېشى چۇڭقۇرچاقلىق ئەمەت دېگەن بۇرادىرىم ئىككىنجى پاي ئوقنى ئاتتى. شۇنداق قىلىپ بۇ خىتايلارنى يوقاتتۇق. ھېلىقى ئىككى ئايالنى جاڭگالدىلا ئېتىۋەتكەندۇق. چۈنكى بۇ ئىككى جالاپ خىتايلارغا يان بېسىپ ئۇيغۇرلارنى تىللىغاندى. بۇ ئىككى جالاپ ئاقسۇ يېڭى شەھەرلىك ئىكەن.

بۇ قېتىمقى ۋەزىپىدە 40 كۈن ئەتراپىدا 10 ئادەم شېهىد بولدى. 15 ئادەم ياردار بولدى. 5 ئادەم ناچار شارائىت تۈپەيلى تەلۋە مىجەز بولۇپ قالدى. بىراق غەلىبە بىلەن قايتتۇق. بۇ ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندا قەشقەردىن ئابدۇقادىر سەييىدى مەخسۇم (ساقى مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسى، خانلىق مەدرىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدەررىسى، كېيىن شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمهۇرىيىتى ھۆكۈمەت كاتىپى، يەنى، پارلامېنت رەئىسى بولغان)، مۇهەممەدخان پەيزى مەخسۇم (بۇمۇ شەرقى تۈركىستان ھۆكۈمەت كاتىپى بولغان) بىلەن بىللە كەلدى. بۇ ئىككى كىشى بىزگە قۇرئان ۋە ھەدىستىن تەبلىغ قىلدى ۋە ھەر يۇرتنىڭ بەگلىرىنى ۋە چوڭلىرىنى

چاقىرتىپ ئۇلارغا خىتايلارغا قارشى تۇرۇش، ئۇلارغا يانتاياق بولماسلىق، خىتايلارنى ئۈزۈل - كېسىل ھەيدەپ چىقىرىپ، ئىسلام دۆلىتى قۇرۇش ھەققىدە تەبلىغ قىلدى. ئاخىرىدا قەشقەردىكى باش شىتاپنىڭ بۇ ئەسكەرلەرنى يەكەنگە بېرىپ، ئۇ يەردىكى دۈشمەنلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەنلىكىنى بىزگە ئۇقتۇردى. مارالبېشىدا 100 نەپەر ئەسكەر قالسۇن، قالغىنى يەكەنگە ماڭسۇن، ئولجا ئالغان قورال - ياراق ئەسكەرلەرگە تارقىتىپ بېرىلسۇن، ئولجا ئېلىنغان ئىقتىساد، ئالتۇن- كۈمۈشلەر دۆلەت خەزىنىسى (ئەمەلىيەتتە شۇ چاغدىكى ئىنقىلاپ رەھبەرلىرى)گە تاپشۇرۇلسۇن، دەپ بۇيرۇق كەلگەنلىكىنى يەتكۈزدى.

# ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە يىقىلىشى

1932- يىل 5- ئاينىڭ 30- كۈنى يەكەنگە قاراپ يولغا چىقتۇق. 8 كۈن بولغاندا يەكەنگە يېتىپ باردۇق. مارالبېشىدىن چىقىپ ئاقساقمارال، سېرىقبۇيا، چوڭقۇرچاق، ئاۋات ئارقىلىق يەكەنگە كىرىپ كەتتۇق. يەكەنگە بارساق خوجا نىياز ھاجى چىڭخەيدىن چىققان تۇڭگانلار بىلەن ئۇرۇشۇۋاتقانىكەن. بىز 5 كۈن دەم ئالدۇق. ئاندىن بىزمۇ ئۇرۇشقا قاتناشتۇق. بىز بارغاندىن كېيىن ئۇرۇش بىر ئاي داۋاملاشتى. خوجا نىياز ھاجى غەلىبە قىلالمىغاندىن كېيىن بۇ يەردىكى ئۇرۇشنى مامۇت سىجاڭغا تاشلاپ قويۇپ، ئۆزى مەن ئورۇسلاردىن قورال ئالىدىغان كىشى دەپ ئاقسۇغا كەتتى.بۇ 1932- يىلى 8- ئاي ئەتراپى بولسا كېرەك. 1932- يىل 8- ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ئۇرۇش توختىغانىدى. مامۇت سىجاڭ باشچىلىقىدىكى قوشۇن ( بۇ قوشۇندا مەنمۇ بار) 1932- يىل 9- ئايدا يەكەندىن قەشقەرگە يېنىپ كەلگەندۇق 1933- يىل 2- ئايدا خوتەندىكى ئەسكەرلەر يەكەندىكى تۇڭگانلارنى قوغلاپ يېڭىسارغىچە كەلدى. يېڭىساردا قاتتىق ئۇرۇش بولدى. مەتىمىن بۇغرانىڭ ئىككى ئىنىسى: ئېمىر ساھىپ(نۇر مۇھەممەد) ۋە شاھ مەنسۇرلار بۇ ئۇرۇشتا شېھىد بولدى. بۇ جەرياندا كۆپ قالايمىقان قوشۇنلار ئاۋۇپ كەتتى.

مەسىلەن: بىر تەرەپتە تۇڭگانلار، بىر تەرەپتە يەرلىك ئەسكەرلەر، يەنە بىر تەرەپتە ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن قىرغىز، ئۆزبەك، ئافغان، تۈركمەن ئەسكەرلىرى، يەنەبىر تەرەپتە ئوسمان ئالىنىڭ يەرلىك (قىرغىز) ئەسكەرلىرى. ھەممىسى مۇستەقىل ئىسلام دۆلىتى قۇرىمىز دەيتى.

ساۋۇت داموللام كۆپ كۈچ چىقىرىپ بۇ كۆپ تەرەپلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، ئاخىرى 1933- يىل 11- ئاينىڭ 12- كۈنى قەشقەر شەھىرىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى يەنى يارۋاغ كۆۋرىكى بىلەن تۇشۇك دەرۋازا كۆۋرىكىنىڭ ئوتتۇرىسى (ھازىرقى پىداگوگىكا ئىنىستىتوتىنىڭ تۆۋەن تەرىپى) ــــتۈمەن دەريا بويىدىكى تۈزلەڭلىكتە[1] شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى دۆلىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى ئىلان قىلدى. ساۋۇت داموللامنىڭ بىرلەشتۈرۈشى نەتىجىسىدە تۇڭگانلار بىلەن ئارىمىزدىكى ئۇرۇش ئاخىرلاشتى.

شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ ئۈچ ئاي داۋاملاشتى. ئۇندىن كېيىن بۇ دۆلەت ئورۇسلارنىڭ دۈشمەنلىك قىلىشى بىلەن يىقىلىپ، بارلىق ئەسكەرلەر ۋە دۆلەت بايلىقى شىڭ شىسەي قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. شىڭ شىسەي بارلىق ئىلغار موللىلارنى ۋە بايلارنى، مۇدەررىسلەرنى، ئىلغار زىيالىلارنى ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپ تۈگەتتى.بىرلا مامۇت سىجاڭ (ماھمۇت مۇھىتى)قولىدا بىرنەچچە مىڭ ئەسكىرى بولغاچقا 1937- يىلىنىڭ باشلىرىغىچە قەشقەردە پۇت تىرەپ تۇرغان بولسىمۇ، رۇسلارنىڭ ئارىنى بۇزۇش سۇئىقەستلىرى نەتىجىسىدە ھىندىستانغا قېچىپ قۇتۇلدى. قورچاق ئۆلكە باشلىقلىقى مەنسىپى بىلەن ئۇرۇمچىگە ئاپىرىۋېلىنغان خوجا نىيازھاجىنىمۇ مامۇت سىجاڭ

---

[1] يېقىنقى زامانلاردا ئۇ يەرگە كاندەك كاندەك قىلىنىپ بېلىق كۆلى ياسالغان جاي، كېرەم باغ دوختۇرخانىسىنىڭ جەنۇبى، تۈمەن دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى ئارىلىق ــــ م.

قاچقاندىن كېيىن رۇسلارنىڭ مەسلىھەتى بىلەن سىمدا باغلاپ، قىيناپ ئۆلتۈردى.

19340- يىلى 6- ئايدا شەرقى تۈركىستان سوۋېت ئىتتىپاقىغا قاراشلىق بىر ئۆلكە ھالىغا كەلتۈرۈلدى، بۇنىڭ بىلەن كوممۇنىستلارنىڭ دەھشەتلىك قىزىل تېرورلىقى ئېلىپ بېرىلىپ، مىللىتىمىزنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر ئادەملىرى تازىلاندى. شىڭ شىسەي بۇ ئۆلكىنىڭ رەئىسلىكىدە 1942- يىل 4- ئايغا قەدەر تۇردى. شىڭشىڭشادا، يەنى قومۇلدا خىتايغا قارشى ھاۋا قىسىم ۋە تانكا قىسىم بار ئىدى. شىخو مايتاغنى رۇسلار ئاچتى. تودۇڭخابادا پولات ـ تۆمۈر زاۋۇدى ۋە ئايرىپىلان زاۋۇتى قۇرۇلدى. 2- دۇنيا ئۇرۇشىدا شەرقى تۈركىستان رۇسىيەنىڭ گېرمانغا قارشى ئارقا سەپ بازىسى بولدى. 1942- يىلى گېرمانلار موسكۇۋانى قورشىۋالغاندا، شىڭ شىسەي شەرقى تۈركىستاندىن 150 تونا ئالتۇن ئېلىپ جاڭكەيشى قېشىغا قېچىپ كەتتى. 1942- يىل 6- ئايدىن باشلاپ جاڭكەيشى قوشۇنى شەرقى تۈركىستانغا كەلدى ۋە رەسمىي تۇردە خىتاي مەركىزى ھۆكۈمىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىندى.

# پاجىئەلىك ئاخىرلىشىش

مامۇت سىجاڭ ھىندىستانغا قاچقاندىن كېيىن — 1937- يىلى 5- ئايدا مامۇت سىجاڭنىڭ قالدۇق قوشۇنلىرى ئىچىدىكى بىر لېيتنانىت دەرىجىلىك كوماندىر(روتا كوماندىرى —يۈز بېشى) بولغان ئابدىنىياز خوتەندىكى تۇڭگانلار بىلەن بىرلىشىپ قەشقەرگە ھۇجۇم باشلىغان، بۇ ئىككىنچى قېتىملىق ئىنقىلاپ دولقۇنىنىڭ شىددىتى ئاۋالقىسىدىنمۇ كۈچلۈك بولۇپ ھۆكۈمەت قوشۇنلىرى تەڭ كېلەلمىگەچكە، شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ياردەم تەلەپ قىلغان. نەتىجىدە سوۋېت تەرەپ 4- دىۋىزىيىنى(مەۋلانوۋ قوماندانلىقىدا) ئەۋەتكەن. ئايروپىلان، تانكىلارنىڭ ماسلىشىشى بىلەن ئۆزلىرىنى ئېزىلگۈچىلەرنىڭ دوستى دەۋالغان بولشىۋىك چوچقىلار ئېزىلگۈچى خەلقنىڭ ئىنقىلابىنى باستۇرۇش ئۈچۈن شىددەتلىك بېسىپ كىرگەن. بۇ دىۋىزىيىدىكى قىرغىز پولكىنىڭ پولكوۋنىكى ئىسھاقبېك بولۇپ، ئىسھاقبېك كونا ئۇلۇغچاتلىق، ئىلگىرى ئوسمان ئالىنىڭ قوشۇنىدا يۈز بېشى ئىدى، كېيىن مەنسەپ تالىشىپ پۇتۇشەلمەي، ئىنقىلاپ سېپىدىن چىقىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ كەتكەن. بولشىۋىكلار ئۇنى ئۆز پايدىسى ئۈچۈن ئىشلىتىش غەرىزىدە بىر مەزگىل تەربىيىلەپ، ئاندىن قوشۇننى تولۇقلاپ، پولكوۋنىك قىلىپ ئەۋەتكەن ئىدى. بۇ قوشۇن:

تۆرتىنجى دېمەڭ بىزنى، ئۈرۈمچىدىن كەلگەن بىز،
خوجا نىياز ئاتىمىز، بۇيرىقىدا ياتىمىز.

دەپ كەلگەن بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ خوجا نىيازغا ئىتائەت

قىلىدىغانلىقلىرىنى داۋراڭ قىلىشقانىدى. كېيىن ئالداپ ھەممىنى يوقاتتى. بۇ ئارىلىقتا بىزنىڭ قوشۇنىمىزنىمۇ ئۆزگە تەۋە قىلىۋالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئەسكەردىن قايتقانىدىم.

مەن ئۆيگە كەلسەم ئۆيدە دادام يوق. پاراڭلاشقاندىن كېيىن دادام ھاجى ئاخۇنۇمنى، دادامنىڭ تاغىسى باي ئاخۇننى، دادامنىڭ ئىنىسى ھىسامىدىن ئاخۇننى، دادامنىڭ ئاكىسىنىڭ بالىسى ئەمەتجاننى، دادامنىڭ ئاكىسى رەھىم بەگنىڭ ئوغلى ئوسمان ئاخۇننى، دادامنىڭ ئانىسىنىڭ ئىنىسى مامۇت ھاجى داموللامنى، ۋە ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى ئەمەتجان، مەمەتخان مەخسۇم، ئوسمان ئاخۇنلارنى —جەمئىي توققۇز ئادەمنى تۇتۇپ كەتكەنىكەن.

ئۆيۈمدىكىلەر بىر پارچە ئەرز يېزىپ، تۇتۇلغان 9 ئادەمنىڭ تىزىملىكى بىلەن ماڭا بەردى ۋە ماڭا: سەن ساقچىخانىغا بېرىپ، بۇلارنى سۈرۈشتە قىلىپ بەرگىن، دېدى. مەن بۇ خەتنى ئېلىپ ساقچى ئىدارىسىغا باردىم ۋە : ”بۇ 9 كىشى تۇتۇلۇپ كەتكەنىكەن، بۇلار مۇشۇ يەردە بارمۇ؟ ئۇلار ھايات بولسا يوقلاپ تۇرساق، ئۆلۈپ كەتكەن بولسا ئۇنى بىلىپ قالساق“ دەپ ھېلىقى خەتنى بەردىم. ئۇلار بۇ خەتنى كۆرۈپ ”ھە ياخشى كەپسەن، سەنمۇ شۇلارغا قوشۇل“ دەپ مېنىمۇ سولاپ قويدى ۋە قاتتىق ئۇردى. مەن بۇ ۋىلايەتلىك گۇڭگاڭ دېگەن تۈرمىدە (قەشقەر شەھرى قۇمدەرۋازا 2 - ساقچى ئىدارىسى ئورنىدا) 1942 - يىلغا قەدەر ياتتىم.

# ”تاغ ئارقىسى“غا سەپەر

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ھالقىلىق پەيتىدە — سوۋېت ئىتتىپاقى نېمىسلار بىلەن موسكۋا بوسۇغۇلىرىدا جان ھەلەكچىلىكى بىلەن تالىشىۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلانغان گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستانغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلەش ئۈچۈن جىددىي كىرىشىپ، شىڭ شىسەيگە ۋەكىل ئەۋەتىپ، دوق- پوپۇزىلار ۋە ئالدامچىلىقلار بىلەن ئۇنى ئىندەككە كەلتۈرۈپ، ۋەتىنىمىزگە ئەسكەر چىقارتتى. ۋەتىنىمىز شۇندىن ئېتىۋارەن تولۇق مەنىسى بىلەن خىتاي مۇستەملىكىسىگە ئايلاندى.

گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ۋەتىنىمىزگە چىققان، شەرقىي تۈركىستاندا گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقى تىكلەنگەندىن كېيىن، دەسلەپكى مەزگىلدە خەلققە ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن تۈرمىدىكىلەرنى كېپىلگە بېرىشكە باشلىدى. سوۋېت ئارمىيىسى ئابدىكېرىمخان مەخسۇم ئارقىلىق تارتىۋالغان يەرلەرنى ئىگىسىنىڭ ئەۋلادلىرىغا قايتۇرۇپ بەردى. بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەن تاغام مېنى كېپىللىك بىلەن ئاچىقىپ 15 كۈندىن كېيىن سودىگەرلەرگە قېتىپ غۇلجىغا يولغا سالدى.

مەن غۇلجىغا كەلدىم. پۇلۇم تۈگەپ كېتىپ غۇلجا شەھىرىدىكى تاشلەپكىگە مەدىكار ئىشلىگىلى چىقتىم. بىر ھۆددىگەر: ماڭا قىرىق نەپەر ئادەم كېرەك، دېدى ۋە قىرىق ئادەمنى ئېلىپ قومۇش ئورۇش ئۈچۈن نىلقىغا ئاپاردى. نىلقا تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى بىر ناھىيە بولۇپ، ھاۋاسى ئىللىق، مەنزىرىسى ناھايىتى گۈزەل جاي ئىدى. بۇ يەردە تاغ يوتىلىرى، تۆپىلىكلەر، ئىدىرلارنى تېرىشقا بولاتتى. تۇپرىقى

بەك مۇنبەت يەر ئىدى. جەنۇپ تەرەپتە ئاۋرال تېغى ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان، قاش دەرياسى شوخ ئۆركەشلەپ ئېقىپ تۇرغان، يايلاقلار، جىلغىلار... پۈتۈن ۋادا يېشىللىقتا پۈركەنگەن ئەلۋەك ماكان ئىدى.

بىز نىلقىغا بېرىپ بىر سائەت ئەتراپىدا قومۇش ئورغانىدۇق، ئۈچ ئاتلىق ئادەم كەلدى ۋە ئارقىسىدىن يەنە 5 ــ 6 ئاتلىق ئادەم كەلدى. ئۇلار كېلىپ:

— باشلىقىڭلار قايسى؟— دەپ سورىدى. ھەددىگەر:

— مەن، — دەپ جاۋاپ بەردى.

— بۇياققا كەل، — دېدى ئۇلار.

ئۇ ئۇلارنىڭ قېشىغا باردى. ئۇلار ئۇنى باغلىدى ۋە بىزگە:

— نەرسىلىرىڭلارنى ئېلىڭلار! بۇياققا تېز مېڭىڭلار! — دېدى.

بىز قورالدىن قورقۇپ نەرسىلىرىمىزنى يىغىشتۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدۇق. ئۇلار بىزنى ئولاستايغا ئاپاردى. ئولاستاي تۆرت تەرىپى تاغ بىلەن ئورالغان، يېشىل گېلەمدىن پاياندار سېلىنغاندەك تۇلاڭ چۆپلۈك بىر جىلغا ئىكەن. سۈيىمۇ بار ئىكەن. بىزنى ئېلىپ كەلگەنلەرنىڭ بۇ يەردە تۆرت چېدىرى بار ئىكەن. بىز بۇ يەرنىڭ پارتىزانلار لاگېرى ئىكەنلىكىنى، بۇ يەردىكىلەرنىڭ پارتىزانلار ئىكەنلىكىنى كۆپ ئۆتمەي بىلدۇق.

بىزنى ئېلىپ كەلگەن ھېلىقى ئۈچ كىشى شۇ يەردىكى پارتىزانلارنىڭ رەھبەرلىرى پاتىخ (قازاق)، ئەكبەر باتۇر (قازاق)، ئۇبۇلقاسىم (ئۇيغۇر) لار ئىكەن. ئۇلاردا 10 دانە قورال، 5 دانە قىلىچ، بۇ ئۈچ كىشىدە بىردىن ئۈچ دانە تاپانچا بار ئىكەن. باشقا يەنە نىمە بارلىقىنى بىلمىدىم. ئۇلار بىزگە: ”بىز شەرقىي تۈركىستان پارتىزان ئەترىتى، بىزنىڭ غۇلجا، چۆچەك ۋە ئالتايلاردا بولۇپ ئىككى مىڭ ئەتراپىدائادەملىرىمىز بار، شەرقى تۈركىستان ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز قاتارلىق شەرقى تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ زېمىنى. شەرقى تۈركىستان خىتايلارنىڭ ياكى

رۇسلارنىڭ زېمىنى ئەمەس، بىزنىڭ مەخسىدىمىز ۋەتىنىمىزنى يۇرتىمىزنى ئازات قىلىش. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بىز ھازىر جىق گەپ قىلىدىغان زاماندا ئەمەس، بەلكى ئەمەلىي ئىش قىلىدىغان زاماندا ياشاۋاتىمىز. شۇڭا بىز سىلىنى چېنىقتۇرۇپ، قارىغا ئېتىشنى ئۆگىتىمىز ۋە ھەربى ماھارەت ئۆگۈتىمىز“ دېگەن مەزمۇندا گەپ قىلدى.

ئاندىن مىلتىقنى ئاچقىپ قارىغا ئېتىشنى ئۆگەتتى. باشتا 100 مېتىر يەرگە  قارىغا ئاتتۇق. كېيىن 300 مېتىر، ... قارىغا ئېتىشنى ئۆگەتتى. قارىغا ئېتىشنى 10 كۈن ئۆگەتتى. مەن 30- يىللاردا ئىسلام ئارمىيىسىگە قاتناشقاچقا  قورال ئېتىشنى بىلەتتىم. شۇنىڭ ئۈچۈن قارىغا ئېتىشتا نەتىجەم ئالاھىدە ياخشى بولدى. 10 كۈن ئۇزاقتا سەكرەشنى ئۆگەتتى. ئۇزۇن چاپانلىرىمىزنى كېسىپ تىزغا كەلگىدەك قىسقارتتى. كېچىدە پۈشتەك چالىدۇ، بىزنى تۇرغۇزۇپ يۈگەرتىدۇ، دۈشمەن كەلدى، دەپ تۇيۇقسىز ۋاقىراپ مانېۋىر قىلدۇرىدۇ. قورال ئېتىش جەھەتتە پىششىقراق بولغانلىقىم ئۈچۈن ماڭا ئۇرۇسنىڭ بەش ئاتار مىلتىقىدىن بىرنى بەردى.

# بىرىنچى غەلىبىلىك جەڭ

1943- يىلى 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى بوران چىقىپ يامغۇر يېغىۋاتقان بىر كۈنى تۇيۇقسىز ھەممىمىزنى تۇرغۇزۇپ، كەچ سائەت بىر ئەتراپىدا ئاياغلىرىمىزنى سالدۇرىۋېتىپ، چەمى رېزىنكىدىن قىلىنغان چۇرۇق كەيدۇرۇپ، كېچىدە ئۇرۇشقا ئاچىقتى. 10 كىلو مېتىرچە يول يۇرۇپ، بىر جىلغا ئارقىلىق بىر تۇزلەڭلىككە چىقتۇق، ئۇ يەردىن گومىنداڭنىڭ نىلقا ناھىيىسىدىكى ساقچى ئىدارىسىغا ھۇجۇم قىلغىلى باردۇق.

بىز 15 ئادەم بولۇپ، 10 ئادەمنىڭ قولىدا قورال بار، 5 ئادەمنىڭ قولىدا نەيزە بار ئىدى. 3 كىشىنى ئۆگزىگە چىقاردى. ئىككىدىن تۆرت ئادەمنى ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئالدى- كەينىگە پوستقا قويدى. مېنى دەرۋازا تەرەپكە پوستقا قويۇپ قويدى. ۋە: ”دۈشمەنلەر چىقىپ قالسا رەھىم قىلماي ئاتىسەن“ دەپ بۇيرۇق بەردى. ئەكبەر باتۇر، پاتىخ، ئوبۇلقاسىم قاتارلىق ئۈچ كىشى ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئىچىگە كىرمەكچى بولدى. قالغان 5 ئادەم يىراقتىن ئەتراپىمىزدا مۇداپىئەدە تۇردى. پاتىخ بىزگە مۇنداق دېدى:

—بىز ئىچكىرىگە كىرىمىز، سىلەر ئوق ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھەر بىرىڭلار ئىككى پايدىن ئوق چىقىرىڭلار، يىراقتا قالغان 5 ئادەم ئاللاھۇ ئەكبەر دەپ تەكبىر ئېيتىڭلار.

ئۆگزىدىكى ئادەملەر بۇ ئۈچ باتۇرنى ئارغامچا ئارقىلىق تارتىپ ئۆگزىگە چىقاردى. ئۇلار ساقچى ئىدارىسى ئىچىگە كىرىپ كېتىپلا بىر ئازدىن

كېيىن بومبا ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ چاغدا قاتتىق شىۋىرغان چىقىۋاتاتتى. بىز تەڭلا ئىككى پايدىن ئوق ئاتتۇق. ئاندىن كېيىن ئۇلار بىزگە ئىشكىنى ئېچىپ بەردى. بىز دەرھال ئىچىگە كىردۇق. ئوبۇلقاسىم پوستا تۇرغان مۇناپىقنى بوغۇۋالغان ئىكەن. بومبىنى ئەكبەر باتۇر ئىككى ئۆينىڭ ئارىلىقىغا ئاتقانىكەن. بۇ ئىككى ئۆينىڭ بىرىدە ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى (خىتاي)، يەنە بىرىدە چارلىغۇچىلار باشلىقى (ئۇيغۇر مۇناپىق) ياتقانىكەن. ئىككىلى ئۆينىڭ تېمى ئۆرۈلۈپ كېتىپتۇ. ئوبۇلقاسىم:

— ئارقاڭنى قىل! قولۇڭنى كۆتەر! — دەپ ۋاقىرىدى.

ئۇلارنىڭ ھەممىسى قوللىرىنى كۆتۈرۈپ تەسلىم بولدى. يەنە بىر ئۆيدە ئالتە ئەسكەر ياتقانىكەن، ئۇلارنىمۇ پاتىخ بىلەن ئوبۇلقاسىم تەسلىم قىلدۇردى. مەن باشلىقلار ئارقىسىدا قىل دېگەننى قىلىپ يۈردۈم. ئون ئادەم ئەسىرگە چۈشتى. ئىككىسى خىتاي ئىكەن، جايىدىلا ئېتىۋەتتۇق. ئۇلاردىن ئون تال مىلتىق، بىر تال يېنىك پىلىمۇت، يۈز تال گرانات، مىڭ تال ئوق، (200 تال تاپانچا ئوقى، 800 تال مىلتىق ئوقى)، ئوزۇق-تۈلۈك، ئىككى دانە ئات، ئەللىك كىشىلىك ئەسكەر كىيىمى، كېگىز-كېچەك، تۆرت دانە سويۇلغان قوي، مىڭ سەر تەڭگە قاتارلىق نەرسىلەرنى ئولجا ئالدۇق. ئىككى نەپەر خىتاينى ناھىيىگە تېلىفون قىلىشقا مەجبۇرلىدۇق، ئۇلار ناھىيىگە تېلىفون قىلىپ: ”ئوغرىلار كەلدى! بىزنى بۇلىۋالدى!“ دېيىشىگىلا گۇم قىلىپ ئاتتۇق. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت: ناھىيىدىكى خىتايلارنى قورقۇتۇش ئىدى. ئاندىن غەنىمەتلەرنى ئەسىرلەرگە كۆتەرتىپ ئولاستايغا كىرىپ كەتتۇق.

ئەتىسى غۇلجىنىڭ ھەر قايسى ناھىيىلىرىدىكى پارتىزان ئەترەتلىرىگە ۋە غۇلجىدىكى شەرقى تۈركىستاننى مۇستەقىل قىلىش شتابىغا غەلىبە بىلەن نىلقا ساقچى ئىدارىسىنى ئېلىپ بولغانلىق ھەققىدە خەت يازدى. بۇنى ئاڭلاپ تەرەپ - تەرەپتىكى پارتىزانلار مەخپى

يوللار ئارقىلىق بىزنى تەبرىكلىگىلى كەلدى. شۇنداق قىلىپ بىزنىڭ سىپىمىزدىكى ئادەملەرنىڭ سانى ئىككى يۈزگە يەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن جىلغىدىكى تاغلارغا پوس قويىدىغان بولدۇق. جىلغا ئىچى ئەمدى رەسمىي پارتىزانلار لاگىرىغا ئايلاندى. مېنىڭ يەنە ئەسكەرلىك ھاياتىم باشلاندى. كۆڭلۈمدە يوشۇرۇن ھالەتكە كۆچكەن ئارزۇ ئارمانلىرىم گويا كۈلگە كۆمۈلگەن چوغ سالقىن شامالدا يالقۇرىغاندەك يالىلداشقا باشلىدى. ھاياتقا بولغان سۆيگۈ قەلبىمگە پەۋەس تولدى: ھاياتىم مەنىلىك بىر يولغا، ئۇلۇغ بىر غايىگە ئاتالغاندى.

# غەلىبەسىرى ئىلگىرىلەش

ئۇنىڭدىن كېيىن ياز كىرىپ كەتتى. 1943- يىل 6- ئايدا باش شىتاپتىن: "سىلەرگە بىز يەنە 100 ئەسكەر قېتىپ بېرىمىز، بىزدە يېتەرلىك قورال - ياراق بار، سىلەر ئەمدى نىلقا ناھىيىسىنى ئېلىڭلار" دەپ بۇيرۇق كەلدى. چۈنكى غۇلجا پارتىزانلىرى خىتايلار غۇلجىدىن قورغاس تەرەپتىكى چېگرىغا قورال يۆتكەۋاتقاندا ئۇن ماشىنا قورالنى ئۇلجا ئالغانىكەن. بۇ ئولجىدىن بىزگە: 6 دانە پىلىمۇت، 10 دانە مىناميۇت، مىڭ تال گرانات، 200 ساندۇق ئوق، 200 دانە ياپۇنچە مىلتىق تەقسىم بولدى. بىز 1943- يىل 6- ئاينىڭ 30- كۈنى نىلقا ناھىيىسىگە ھۇجۇم قىلىدىغان بولدۇق.

نىلقا ناھىيىسىنى ئېلىش ئۇرۇشىغا كېچىسى ئاتلاندۇق. چۈنكى كېچىدە ئاتقان ئوق ئۇزاققا باراتتى. كۈندۈزى ھاۋا قىزىغاندا ئاتقان ئوق بىر ھەسسە يېقىن يەرگە چۈشەتتى. بۇ ياز كۈنلىرى بولغاچقا ئۇرۇشنى كېچىگە ئۇرۇنلاشتۇرغانىدى. غۇلجىدىن تويبولدى دېگەن بىر قازاق يۈز نەپەر جەڭچى باشلاپ بىزگە ياردەمگە كەلدى. ئۇلارنىڭ 20 نەپىرى ئۇيغۇر، ئون مۇڭغۇل، 5 ئۆزبەك، 5 نەپەر تاتار دوختۇر قىزلىرى، قالغانلار قازاق ئىدى. بۇ 100 نەپەر ئەسكەر بىلەن بىرگە ئەللىك دانە ئات، ئىككى ئات ھارۋىسى ۋە بۇ ئىككى ھارۋىغا بىر دانە چوڭ تىپتىكى زەمبىرەكنى ئارتىپ ئېلىپ كەلگەنىكەن. بارلىق رەسمىي ئەسكەر 300 نەپەر بولسىمۇ، ئەمما ئۇياق - بۇياقتىن كەلگەن مۇساپىرلار، ئىختىيارى قېتىلىۋالغانلار، خالىڭ ئىشچىلىرى ۋە مەدىكارلاردىن بولۇپ جەمى 1200 نەپەرگە يەتكەنىدى. شۇ

چاغدىكى رەھبەرلەر يىغىن ئېچىپ: تويبولدىنىڭ ئەللىك نەپەر ئاتلىق ئەسكىرىنى غۇلجا تەرەپنى يەنى نىلقىنىڭ غەرپ تەرىپىنى قوغداشقا مەسئۇل قىلدى. ئولاستايدىكى ئەسكەرلەردىن ئەللىك نەپەرنى ئولاستاينى قوغداش ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇردى. قالغان 200 ئەسكەرنىڭ 100 نەپىرى ئالدىنقى سەپتە، قالغان 100 نەپىرى ئارقا سەپتە تۇرۇپ جەڭ قىلدۇ دەپ بېكىتتى. مېنى ئۇرۇشقا قاتنىشىدىغان ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىنقى سەپكە بارىدىغان قىسىمغا ئايرىدى ۋە 22 نەپەر ئەسكەرگە باشلىق قىلىپ، يەنى مۇئاۋىن ۋزۋوت كاماندىرى قىلىپ بېكىتتى. تويبولدى بىزنىڭ پولك كاماندىرىمىز بولدى. ئەكبەر باتۇر مۇئاۋىن پولك كاماندىرى بولدى. پاتىخ سىياسى كومىسسارلىققا، ئوبۇلقاسىم مۇئاۋىن كومىسسارلىققا تەيىنلەندى. بۇ باشلىقلار ئولاستايدىكى گازارمىدا قالدى. بىز يۈز نەپەر ئەسكەر كەچ سائەت بىردىن يىگىرمە مىنۇت ئۆتكەندە ناھىيىنى قورشاپ بولدۇق. ناھىيىنىڭ ئالدى دەرۋازىسىدىن 20 ئادەم، ئارقا تەرەپتىكى ئاتخانا تەرەپكە 20 ئادەم، ئوندىن يىگىرمە ئادەمنى ئىككى تەرەپتىكى ئۆگزىگە چىقىدىغانغا تەيىنلىدى. ھېلىقى زەمبىرەكنى ئارقا سەپ ئەسكەرلىرىدىن 50 ئادەم قوغدىدى. مەن ئۆگزىگە چىقىدىغان ئەسكەرلەر قاتاردا ئىدىم. ئالدى بىلەن زەمبىرەك ختاي ئەسكەرلىرى بار يەرگە، يەنى بىز قورشىۋالغان دۈشمەنلەر ئۈستىگە ئېتىلدى. ئارقىدىنلا بىز ھۇجۇم قىلدۇق. ماڭا تۆرت دانە گرانات بېرىلگەنىدى. مەن ئۇنى دۈشمەن ئۈستىگە ئاتتىم. گرانات دۈشمەنلەرنى تىتىۋەتتى. باشقىلارمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن ئاتتى. ھەم دۈشمەن تەرەپكە قارىتىپ ئوق ئاتتۇق. مەن يەنە بىر گراناتنى ئېتىپ بولۇپ يېتىۋالغانىدىم، شۇ ئارىدىلا ”دۈشمەن تەسلىم بولدى“ دېگەن گەپنى ئاڭلاپ بېشىمنى كۆتۈرۈپتىمەن، شۇ دەقىقىنىڭ ئۆزىدە ئوزاقتىن كەلگەن بىر تال ئوق بېشىمغا تەگدىمۇ يا سىپاپ ئۆتۈپ كەتتىمۇ، بىلمىدىم، دەلدەڭشىپ قالدىم. كۆزۈم قاراڭغۇلىشىپ كەتتى. بىرسى كېلىپ مېنى يۆلىۋالدى. سېستىرالار

بېشىمنى تېڭىپ قويدى. ئوق بېشىمنى سىپاپ ئۆتۈپ كەتكەنىكەن، تېرىسىنى تىتىۋەتكەن بولسىمۇ سۆڭەككە تەسىر يەتكۈزمىگەچكە ئىككى سائەتتىن كېيىن ئۆزەمگە كېلىپ ئوڭشىلىپ قالدىم. ئەمما ئاغرىقى تېخى قويمىغانىدى.

دۈشمەنلەر دەرھال تەسلىم بولۇپ قول كۆتەرگەن پېتى چىقىشتى. يەنى 500 ئەسكەرنى يېرىم سائەت ئىچىدە ئەسىرگە ئالدۇق. ئاتخانا نەرەپتە پوستا تۇرغان خىتاي ئۇ تەرەپكە ھۇجۇم قىلىۋاتقان ئەسكەرلەردىن ئوننى ئېتىۋېتىپتۇ. ئۇلاردىن تۆرت نەپىرى شەھىد بولدى، ئالتە نەپىرى يارىدار بولۇپ كېيىن ساقايدى. تەسلىم بولغان 500 ئەسكەر ئىچىدە 50 نەپەر ئۇيغۇر بار ئىكەن. ئۇلارنى ئايرىم بىر ئۆيگە سولاپ قويدۇق.

ئىلقا ئۇرۇشى غەلىبىلىك ئاخىرلاشقاندا، بىر ئادەم 10 دۈشمەن ئۆلتۈرىدۇ، دېگەن بۇيرۇق چۈشتى. ماڭىمۇ ئون خىتاي ئۆلتۈرۈش تەقسىم بولدى. ئوقنىڭ قىسچىلىقىدا ئون خىتاينى ئون پاي ئوق بىلەن ئېتىش قىممەت توختايتى، شۇڭا ئون خىتاينى قاتار قىلىپ باغلاپ قويۇپ ئاتاتتۇق. مەن ئارقىمۇ ئارقا تىزىپ، بىر تىزىق ھالىتىدە باغلانغان ئون خىتاينىڭ ئالدى تەرىپىدىن يېقىن كېلىپ بىر پاي ئوق بىلەن ئاتتىم. ئالدى تەرەپتىن ئاران تارت خىتاي ئالدى، ئوقۇم تۆرت خىتاينى تېشىپ ئۆتكەنىدى . (مەن ئوق چىقارغىچە خىتايلار "ئەييا![1] — دېسە —ئەييا " دەپ يالۋۇرۇپ، ماڭقىلىرىنى چۈگۈپ يىغلاپ، "داگې![2] " دېسە "داگې" دەپ قاخشاپ كەتتى. بۇ قەدەر يېقىن ئارىلىقتىن، كۆزلىرىنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ تۇرغان ھالدا ئادەم ئۆلتۈرۈشۈم تۇنجى قېتىم بولىۋاتقىنى ئۈچۈن، شۇنداقلا ئىنسان بولغىنىم ئۈچۈن بىر ئاز قولۇم

---

① ئەييا ـــ خىتايچە 哎呀"ۋايجان" دېگەن پەرياد — م.

② داگې — (خىتايچە: 大哥) ئاكا، ئاكىجان دېگىنى بولۇپ، جانغا كۈچ كەلگەندە دەيدىغان خوشامەت سۆزى، — م.

تىترىدى، ئىچىم ئاغرىغاندەك بولدى. ئەمما بۇ هايۋانلارنىڭ بىزگە قىلغان ئەتكەنلىرى، چەككەن جاپالىرىمىز، پاجىئەلىك ئۆلگەن ئادەملىرىمىز يادىمغا كېلىپ، "بارە، خىتاي!" دېدىم- دە، تەپكىنى باستىم!) ئاندىن قاتارنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ ئاتماقچى بولۇۋىدىم، ئۇ تەرەپتىكى خىتايلار چۇۋۇلدىشىپ كەتتى. ئۇ تەرەپتىن يەنە بىر پاي ئاتتىم. بۇنىڭدىمۇ ئوق كىرگەن تەرەپتىن تۆرت خىتاي ئۆلۈپ، قاتارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى خىتاي تىرىك قالدى. چالا ئۆلۈك بولۇپ قالغاندەكمۇ قىلدى، بەلكى ئوق چالا تەگدىمۇ، قورقۇپ شۇنداق بولۇپ قالدىمۇ، ھەرھالدا خىتاي دېگەن هارامزادە خەق بولغاچقا بىرنېمە دېمەك تەس ئىدى. شۇڭا تىرىك قالغان بولسا كېيىن بىز كەتكەندە قېچىپ كەتمىسۇن دەپ، ئۇلارنى مىلتىقنىڭ شتىكىنى سانچىپ ئۆلتۈردۈم. بۇ چاغدا يۈرىكىم خېلى پېشىپ قالغان ئىدى. مانا شۇنداق قىلىپ، خىتايلارنىڭ تامامىنى ئۆلتۈرۈۋەتتۇق. قولغا چۈشكەنلەر قاتارىدا ناهىيىنىڭ هاكىمىمۇ ۋە بىر نەپەر باجخانا باشلىقىمۇ بار ئىكەن. ئىككى نەپەر "خېچىر"[1]بار ئىكەن، ئۇلارنى تەرجىمانلىققا ئېلىپ قالدۇق. قالغىنى خىتاي بولغاچقا ھەممىنى ئۆلتۈرۈۋەتتۇق.

بىز ئۇلاردىن ئون ساندۇق كۈمۈش تەڭگە، ئۈچ كىلو ئالتۇن، 50 دانە ئالتۇن سائەت، ئون دانە پىلىمۇت، يەنى "ماكسىمكا" پىلىمۇت، ئون دانە كىچىك پىلىمۇت، 500 دانە مىلتىق(500 ئەسكەرنىڭ ھەر بىرىدە 75 تالدىن ئوقى بىلەن مىلتىقى)، 2 دانە مىناميوت، ئىككى دانە چوڭ تىپتىكى چاقلىق توپ، مىڭ ساندۇق گرانات، ، 200 دانە قىلىچ، 100 دانە ئات، 50 دانە كالا، 200 دانە قوي، نۇرغۇن ئاشلىق، 1000 قۇر ھەممە تۈردىكى يازلىق، قىشلىق كېيىم ـ كېچەك قاتارلىق نەرسىلەرنى ئولجا

---

[1] خىتايلار بىلەن يەرلىكلەر ئارىسىدىن بولغان شالغۇتلارنى خەلق تىلىدا «خېچىر» دەيتى، — م.

ئالدۇق.

ئاندىن غۇلجىدىكى ھەر قايسى پارتىزان ئەترەتلىرىگە خەۋەر يەتكۈزدۇق. ئابدۇكېرىم ئابباسوف ۋە دېلىلقانلار بىزگە تەبرىك خېتى ئەۋەتتى. بۇ تەبرىكنامىدا ئېلىخان تۆرىنىڭ ھۆكۈمەت قۇرۇدىغانلىقى ئاشكارا قىلىنغانىدى. شۇ ۋاقىتقىچە ئۇ كىشىنى ئاڭلاپ باقمىغان ئىكەنمىز. بىز ئولجا ـ غەنىمەتلەرنى ئولاستايغا توشىدۇق. بىز نىلقا ناھىيىسىدە ئۈچ كۈن تۇرغاندىن كېيىن ئولاستايغا كىرىپ كەتمەكچى بولدۇق. بىز كىرىپ كېتەيلى دەپ تۇرغاندا نىلقىنى تاشلاپ كىرىپ كەتمەڭلار دېگەن يوليورۇق كەلدى. شۇنىڭ بىلەن خىتايلار گازارما قىلغان يەرنى بىز گازارما قىلدۇق. ئولاستايدا ئەسكەر تەربىيەلەيدىغان ئورۇن ھازىرلىدۇق. بۇ ئورۇندا قورال ئىشلىتىش ۋە قوراللارنىڭ تۈرلىرى ئۆگۈتىلدى ۋە ۋەتەن كىمنىڭ؟ سەن قايسى دىندا دېگەن تېمىلاردا دەرس ئۆتۈلدى.

# غۇلجىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشى

نىلقىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشى غەلىبىلىك ئاخىرلىشىپ، 1943- يىل 11- ئايغا قەدەر ھەر يەرلەردە كېرەكلىك ئادەملەر توپلاندى. بۇ ئارىدا مەن يەنە بايانداي ئەتراپىدا بولغان جەڭلەرگە قاتناشتىم. بۇ جەڭلەردىكى كەچمىشلىرىمدىن بىرى ئالاھىدە ئېسىمدە تۇرۇپتۇ:

1943- يىل 12- ئاي ئەتراپىدا بولسا كېرەك، بىر كۈنى كۈندۈزدە خىتايلار بىلەن پارتىزانلار قاتتىق ئۇرۇشۋاتاتتۇق. بىزنىڭ سانىمىز 120 ئەتراپىدا ئىدى. بىز غاز قانىتى بولۇپ سەپ تۈزگەن بولۇپ، ھەر بىرىمىز بىردىن ئورەك كولاپ كىرىۋېلىپ، دۈشمەننى ئاپتومات بىلەن ئاتاتتۇق. مەندە ئولجا ئالغان بىر دانە تاپانچا بار ئىدى (يەنى بۇ ئۇرۇشتىن بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى خىتايلارنى قوغلاپ كېتىۋاتقىنىمىزدا بىزنىڭ ئارىمىزدىن بىر كىشى ۋاقىراپ كەتتى. قارىسام ئۇنىڭ پۇتىغا ئوق تېگىپتۇ. ئوقنى كىم ئاتتىكىن دەپ ئۇ ياققا قارىسام، ئوق تەككەن بىر نەپەر خىتاي جان تالىشىپ يېتىپتۇ. ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ كانىيىغا مىلتىقنىڭ شتىكىنى تىقىپ ئۆلتۈرىۋەتتىم. ئۆرۈپ قارىسام، يېنىدا بىر دانە تاپانچا تۇرۇپتىكەن، مەن ئۇنى ئېلىۋالغان ئىدىم. يېنىمدىكى تاپانچا ئاشۇ تاپانچا ئىدى). مەندە يەنە بىر ئاپتوماتمۇ بار ئىدى. بۇ چاغدا بىزگە دۈشمەن ھۇجۇم قىلىۋاتاتتى. پات - پات ناھايىتى يېقىن يەرگىچە قىستاپ كېلەتتى. بۇ ئۇرۇش ئۇن سائەتكە سوزۇلدى. يا دۈشمەن باستۇرۇپ كېلەلمىدى ياكى بىز ئالدىمىزغا ماڭالمىدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن

يېنىمدىكى ئورەكتە ئۇرۇش قىلىۋاتقان ھەمراھىمنىڭ قورسىقى ئېچىپ كەتكەنىكەن، ئۇ ماڭا: "ئاداش، سەن مېنىڭ ئورېكىمگە كېلىپ پات ـ پات ئوق ئېتىپ قوي، مەن نان يېۋالاي" دېدى. مەن ماقۇل دەپ، ئۇنىڭ ئورېكىگە يۆمىلاپ باردىم ۋە ئېتىشقا باشلىدىم. بىر پاي ئوق ئېتىپ ئۇ تەرەپكە يېتىۋالاتتىم، يەنە بىر پاي ئوق ئېتىپ بۇ تەرەپكە يېتىۋالاتتىم. بىر قېتىم مەن ئوقنى ئېتىپ بولۇپ يېتىۋېلىپ تۇرۇشۇمغا بىر پاي ئوق كېلىپ ئالدىمدىكى توپىنى توزىتىپلا تېشىپ ئۆتۈپ كەتتى. مەن يەنە بىر پاي ئوق ئېتىپ بولۇپ ئارقامغا قارىسام، ھېلىقى نان يەۋاتقان ھەمراھىم جان تالىشىۋاتىدۇ. مەن يومىلاپ بېرىپ، نىمە بولدۇڭ؟ دېسەم، ئۇ: "ئاداش، رازى بولغىن" دەپ قورسىقىنى كۆرسەتتى. ئوق قۇلاق تۈۋىگە تەككەن ئىكەن. مەن "ئوق قۇلاق تۈۋىگە تەگسە، بۇ نىمە ئۈچۈن قورسىقىنى كۆرسىتىدىغاندۇ" دەپ قالدىم. ئۇ ئۇزۇن ئۆتمەي جان ئۈزدى. مەن قورسىقىغا قارىسام، ئۇلجا ئالغان بىر جىگدىلىقتىن ئىككى پارچە ئالتۇن قورسىقىغا تىڭىقلىق ئىكەن. ئۇنى جايىدا قويۇپ، ئۆز ۋەزىپەم بىلەن بولدۇم. ئۇ ھەمراھىم مارالبېشى سېرىقبۇيىلىق مەھەممەت قۇربان ئىدى. ئۇ شۇ چاغدا 22 ياشتا ئىدى. بۇ ئۇرۇشتا قاتتىق تىركىشىپ ئاخىر دۈشمەننى مەغلۇپ قىلدۇق. قالدۇق دۈشمەنلەر ھەرەمباغقا قېچىپ كەتتى.

بۇ جەرياندا مۇزداۋان يولى گومىنداڭ تەرەپتىن تاقالدى. مايتاغدىن گومىنداڭ ئارمىيىسى ئىچىدىكى سوپاخۇن ۋە مامۇتوۋ سۇلتانلار قېچىپ كەلدى. 1943- يىل 12- ئايدىن 1944- يىل 4- ئايغىچە غۇلجا ئەتراپىدا ئۇرۇش قىلدۇق. ئاخىر غۇلجىنى قورشىۋالدۇق. يەنى غۇلجىنىڭ ھەممە تەرىپى قورشاۋغا چۈشتى. گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ھەرەمباغدا بولغاچقا بىز ئۇ يەرنى مۇھاسىرىگە ئالدۇق.

مۇھاسىرىگە ئالغاندىن كېيىن ئەسكەرلىرىمىزگە رەسمىي ئەسكىرى ۋە ئىسلامىي تەلىم- تەربىيە ئېلىپ بېرىلدى. ئېلىخان تۆرە مىللى

ئارمىيە مەركىزىنىڭ رەھبىرى ئىدى. شۇ چاغدا مارشال ئېلىخان تۆرە دەپ ئاتىلاتتى. ئېلىخان تۆرە دىنىي ئادەم بولغاچقا تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. ئۇنىڭ ۋەز- نۇتۇقلىرىنى ئاڭلاپ تەسىرلەنگەن بايلار مىڭلاپ- ئونمىڭلاپ قوي ـ كالا ۋە پۇل ئىئانە قىلىپ تۇراتتى.

ئېلىخان تۆرە ھەرەمباغ بىلەن ئايرودرومنى ئېلىش توغرۇلۇق بۇيرۇق چىقاردى. شۇ چاغدا غۇلجا گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ ئەسكىرىي مەركىزى ئىدى. غۇلجىدا ھەرەمباغ، ئايرودروم قاتارلىق جايلار دۈشمەننىڭ نۇقتىلىق جايلاشقان يەرلىرى ئىدى. شۇڭلاشقا ئايرودرومنى ئېلىش ئۈچۈن ئون مېتىر چوڭقۇرلۇقتا يەر ئاستى كارىز كولاندى. بۇ كارىز غۇلجا شەھەردىن باشلاپ كولىنىپ ئاخىرى ئايرودرومنىڭ ئوتتۇرىسىغا تۇتاشتۇرۇلدى. ھەر ئونبەش مېتىردا بىردىن ئاغزى بار بولۇپ، بۇ ئېغىزدىن توپىلار سىرتقا چىقىرىلاتتى. بۇ كارىز 11- كۈنى پۈتتى. بىر تەرىپى ئايرودرومنىڭ ئوتتۇرىسىغا، يەنە بىر تەرىپى ئېلى دەرياسىغا ئاپىرىپ توختۇتۇلدى. يەنە بىر ئۇچى ھەرەمباغقا ئاپىرىپ توختۇتۇلدى. 11 ـ كۈنى كەچ سائەت بىر يېرىمدا ئايرودرومنىڭ ئاستى پارتىلىتىپ تۈشۈك ئېچىلدى. ئارقىدىنلا دەريانىڭ ئاستى پارتىلىتىلدى. دەريادىن ئۆيدەك بىر تۈشۈك ئېچىلدى. بۇ تۈشۈكتىن غاقىراپ كىرگەن سۇ ئايرودرومنى بېسىپ كەتتى. گومىنداڭنىڭ 170 ئۇرۇش ئايروپىلانى سۇدا تۇڭلاپ قالدى. ئۇنىڭ قاتارىدا ئىككى دانە زامانىۋى پاساجىرلار ئايروپىلانىمۇ بار ئىكەن(ياز بولغاندا ئايرودرومدىكى مۇزلار ئېرىگەندە نەچچە مىڭ دانە قورالنى شۇ يەردىن تاپقانىدۇق). شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئايرودرومنى تاشلاپ ھەرەمباغقا قېچىپ كىرىپ كەتتى. بۇ ۋاقىتتا غۇلجا ئەتراپىدىكى دۈشمەننىڭ ھەممىسى ھەرەمباغقا توپلانغانىدى.

ئاندىن ھۇجۇمنى ھەرەمباغقا باشلىدۇق. ھەرەمباغقا تېشىپ ئاپىرىلغان كارىز شۇ كېچە سەھەر سائەت سەككىزدە پارتىلىتىلدى. ئاندىن ھەرەمباغ دەرۋازىسىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئىككىپاي توپ ئوقى

ئېتىلدى. دەرۋازىغا ئىككى تەرەپتىن 10 مېتىردىن قېتىلىپ سېپىل ئۆرۈلۈپ چۈشتى. ئاللاھۇ ئەكبەر دېگەن تەكبىر بىلەن تەڭ ھۇجۇم باشلاندى. ئاتاكىغا ئۆتەيلى دەۋاتقىنىمىزدا قىزىق بىر ئىش بولدى:

ئائىشە سامىرە دېگەن بىر تاتار قىزى بولۇپ، بۇ قىز سېستىرالىق قىلاتتى. ئۇ قىز شۇ كۈنى بىر جەڭچىنىڭ پۇتىنى تېڭىۋاتاتتى. بۇ جاراھەتلەنگەن ئەسكەر مېنىڭ روتامدىكى ئەسكەر ئىدى. بۇ ئارىلىقتا ئۇرۇش سىگنالى چىقىپ قالدى. ئۇرۇشقا ئاتلىنىۋاتساق، ھېلىقى قىز: ”ۋايجان!“ دەپ ۋاقىراپ كەتتى. ئايىغىدىن قان ئېقىۋاتىدۇ. ئوق تېگىپ كەتكەن ئوخشايدۇ، دەپتىمەن، قارىسام، ئىشتىنىنىغىلا تۇغۇپ قويۇپتۇ. بوۋاق قىز ئىكەن. ئۇنى كۆتۈرۈپ بىخەتەر بىر يەرگە ئاپىرىپ قويۇپ، ئاندىن ئۇرۇشقا ئاتلىنىپ كەتتۇق.

ھەممىمىز دەرۋازىغا تەڭ ئېتىلدۇق. باشتا غېنى باتۇر قوشۇنى كىردى. بۇ تۇيۇقسىز ھۇجۇمدىن پېتىراپ كەتكەن خىتاي ئەسكەرلىرى قالايمىقان ئوق چىقىرىپ پاراكەندە بولۇپ كەتتى. مەندە كانادا ئاپتوماتى بار ئىدى. ھەرەمباغنى ئەتىگەن سائەت ئون يېرىمدا ئېلىپ بولدۇق. گومىنداڭنىڭ ئونمىڭ ئەسكىرى ئەسىرگە چۈشتى. بارلىق كاتىۋاشلار شۇ يەردە ئىكەن. ھەممىسى قولغا چۈشتى. بۇ يەردىن ئالغان غەنىمەتلەرنى ئېغىز بىلەن دەپ بولغىلى بولمايدۇ. قورال - ياراق، ئالتۇن- كۈمۈش، كېيىم ـ كېچەك، دورا ۋە بارلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى قولغا چۈشتى.

غۇلجىنى ئازات قىلىشتىن بۇرۇن غۇلجا ناھىيىسىگە ھاكىم بولغان بىر خىتاي بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇيغۇر خوتۇنى بار ئىكەن. بۇ خوتۇن بەش ـ ئالتە ئەسكەرنى ئېلىپ چىقىپ خەلقنى بوزەك قىلىدىغان جالاپ ئىكەن. ئۇ كىشىلەرنى: سەنلەر مېنىڭ ماۋۇ نىمەم بىلەن تەڭ دەپ ھاقارەت قىلغانىكەن. ئۇنىڭ ئۆيى غۇلجا كادىرلار قوروسىدا ئىدى. بۇ قورو بولسا سېپىلگە يېقىن يەردە ئىدى. گىمادىيوف دېگەن بىر قوماندانىمىز بار بولۇپ، بىر كۈنى ئۇ مېنى چاقىرتىپ، ئۇ خىتاينى تۇتۇپ خالايىق ئالدىدا

تىغقا ئۆتكۈزىسەن دەپ بۇيرۇق قىلدى ۋە ماڭا ئون نەپەر ئەسكەر بەردى. ئۇ خىتاي خەلققە بەك زۇلۇم سالغانىكەن. مەن ”خوپ! باش ئۇستىگە!“ دەپ ئەسكەرلەرنى ئېلىپ يۈرۈپ كەتتىم . بىر ئادەم ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئورنىنى دەپ بەرگەندى. 1944- يىل 3 - ئاينىڭ 10- كۈنى ئەتراپىدا كەچ سائەت ئىككى بولغان چاغدا مەن ئون ئەسكەرنى باشلاپ ئۇنىڭ ئۆيىگە ماڭدىم. بىر ـ ئىككى سائەت تەكشۈرۈپ ئاران تاپتىم. ئۆيىنىڭ تۈۋىگە بارغاندا 4 ئەسكەرنى ئارقامدا مۇداپىئەدە قويدۇم. 2 نى ۋاگزىنگە چىقاردىم. 4 نەپىرى ئىككى تەرەپتىكى ئۆيلەردە كۈزۈتۈپ تۇردى. ئۆينىڭ تۈۋىگە بارسام، بىر ئۆينىڭ ئىشىكى ئوچۇق تۇرىدۇ. مەن ئۇ ئۆيگە شۇڭغۇپ كىردىم ۋە ياندىكى ئۆيگە بىر دانە گرانات تاشلىدىم ـ دە، ئارقامغا بۇرۇلدۇم. جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكتىن ئىشىككە ”داڭ“ قىلىپلا ئۇسسۇۋالدىم! كاللام پىرقىراپ كەتتى. ئاڭغىچە گرانات گۈم قىلىپ پارتىلىدى ۋە ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ تېمىنى تىتىۋەتتى. ئاڭغىچە ئىككى ئەسكەر كېلىپ مېنى يۆلىۋالدى. قارىسام ۋەيرانە هالغا كەلگەن ئۆيدە بۇ خىتاي نېمە قىلارىنى بىلمەي ئۆرە تۇرۇپلا قاپتۇ. ئىككى ئەسكەر ئۆگزىدىن سەكرەپ چۈشۈپ: ”قولۇڭنى كۆتەر“ دەپ بېسىپ كىردى. مەن ئەسكەرلەرگە بۇنى باغلا دەپ بۇيرۇق بەردىم. ئەسكەرلەر ئۇنى مىلتىقنىڭ پاينىكى بىلەن ئۇرۇپ يەرگە ياتقۇزۇپ باغلىدى. ئايالىنىمۇ بىر ئۇرىۋېدى، ۋايجان دەپلا تۈگۈلۈپ قالدى. ئۇنىمۇ تۇتتۇق. ئۆيگە قارىساق بىر دانە ئاپتومات، بىر دانە يېنىك پېلىموت، ئۈچ دانە مىلتىق ئوق بېسىپ تەييارلاقلىق تۇرۇپتۇ. ئۈچ ساندۇق ئوقمۇ بار ئىكەن. بىر ساندۇقى ئاپتوماتقا، بىرسى پېلىمۇتقا، يەنە بىرسى مىلتىققا چۈشۈدىغان ئوقلار ئىكەن. بىز بارغاندا ئۇلار ئۇخلاپ قالغان ئىكەن. يوغون بىر ساندۇقتا گومىنداڭ پۇلىمۇ بار ئىكەن. 3 كىلو ئالتۇن، هېلىقى جالاپنىڭ ئالتۇن جابدۇقلىرى، 5 دانە يېڭى گىلەم ۋە تۆرت توپ سارجا بار ئىكەن. هەممىسىنى ئولجا ئالدۇق. بېشىمنىڭ ئاغرىقىدا ئاچچىغىم كېلىپ، قولۇمدىكى ئاپتوماتنىڭ هەممە ئوقىدا بۇ

خىتاينى ئۆيىدىلا ئېتىپ تاشلىدىم. ئۇنىڭ جالىپىنى خىتاي بازىرىغا ئاپىرىپ، خەلق ئالدىدا سازايى قىلدۇرۇپ، خىتايغا تەككىنىگە ئاللاتوۋۇسىنى بەردۇق، كىشىلەرگە: ”خىتايغا تەككەن خوتۇنلارنىڭ ئاقىۋىتى مۇشۇنداق بولىدۇ“ دەپ تەشۋىقات قىلدۇق. ئىلگىرىكى ئىنقىلاپلارنىڭ ھەممىسىدە خىتايلارغا تەككەن خوتۇنلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىش، خىتايلارغا خوتۇن تونۇشتۇرىدىغان دەللاللارغا، خىتايغا ئىشلىگەن جاسۇسلارغا، ھاراق ساتىدىغانلارغا، گۆرۆكەشلەرگە، خىتايلار بىلەن ئۆز ئىختىيارىچە ئالاقە قىلغان كىشىلەرگە ئۆلۈم جازاسى بېرىش يولغا قويۇلىدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتكەنىدىم. بۇمۇ شۇ ئەنئەنىگە كۆرە بولدى. خەلق نەپرەت بىلەن تۈكۈرۈپ دەردىنى ئالدى. شۇنداق قىلىپ، ئاستا ئازاپ بىلەن ئۈچ كۈندە ئۆلدى.

# شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى

غۇلجا ئازات بولغاندىن كېيىن ئېلىخان تۆرە 1944- يىل، 11- ئاينىڭ 12- كۈنى 2- قېتىملىق شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى قۇرۇلغانلىقىنى جاكالىدى. بۇ دۆلەتنىڭ نامى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئىدى. شۇ كۈنى شەرقى تۈركىستان مىللىي ئارمىيىسىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنىمۇ ئىلان قىلدى. ئېلىخان تۆرە دۆلەت رەئىسى ۋە مىللىي ئارمىيىنىڭ قوماندانى قىلىپ بېكىتىلدى. ئىسھاقبەگ ۋە دەلىلقان مۇئاۋىن قوماندان بولدى. ئابدىكېرىم ئابباسۇف تاشقى ئىشلار ۋەزىرى بولدى.

بىر خىل فورما كىيگەن، رەتلىك ئىنتىزاملىق، خىل قوراللانغان ئون مىڭلىغان جەڭچى رەئىس سەھنىسىنىڭ ئالدىدا سەپ بولۇپ تۇراتتى. ئەتراپتا ھەر ساھە خەلقى بۇ تەنتەنىلىك مىنۇتلارنى ھاياجان ئىچىدە سەير قىلاتتى. يەتمىش يىللىق قۇللۇق كەچمىشى، تارتقان خورلۇق ۋە ئازاپلار بىر بىرلەپ كۆز ئالدىدىن ئۆتكەن خەلق، مۇشۇ بەختىيار مىنۇتلاردا كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ، تەگبىر ئېيتىشاتتى. ئۇلارنىڭ يېنىدا ئۆزلىرىنىڭ ئارمىيىسى، ئۆزلىرىنىڭ سۆيۈملۈك ئوغۇل- قىزلىرى تاغ- دەريانى تۈزلىۋېتىدىغاندەك سۈر- ھەيۋە بىلەن تۇرغاچقا ئۇلارنىڭ كۆڭلى توق، غالىپلارچە روھىي ئۈستۈنلۈك ۋۇجۇدىغا ھۆكۈمران ئىدى. بۇ تۇيغۇ، بۇ سۆيگۈ، بۇ ئىپتىخار ئەنە شۇ ئارمىيەدىن، ئەنە شۇ ئوغۇل ـ قىزلار قولىدىكى قوراللىدىن تۇغۇلغانىدى. ئەنە شۇ قورال قولىدا بولغاچقىلا بۈگۈن ئۇلار ئەنە شۇنداق ھاكىم بىر روھ بىلەن قەددىنى كېرىپ

تۇرماقتىدى.

بۇ كۈنى مىللىي ئارمىيىنىڭ دۆلەت قۇرۇلۇشى مۇراسىمى ئۈچۈن ئالاھىدە تەييارلانغان قىسىملىرى پاراتتىن ئۆتۈپ، ئۆزلىرىنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى نامايان قىلدى. پىيادىلەر، ئاتلىق ئەسكەرلەر، توپچىلار، ماشىنىلاشقان قىسىملار،... بۇ مەنزىرە بۇ بەختسىز مىللەت تارىخىدىكى بىر سەلتەنەتلىك تاج بولۇپ قالدى.

جۇمھۇرىيەت قۇرۇلۇشى، مىللىي ئارمىيە قۇرۇلۇشىدىن كېيىن ئارمىيىمىز مىسلىسىز دەرىجىدە مۇنتىزىملاشتى. ئەسلىدىكى چېچىلاڭغۇ پارتىزانلار ۋە قوزغىلاڭچى ئاممىنىڭ توپى ئەمدى تەربىيە كۆرگەن، مەدەنىي، ئاڭلىق بىر قوشۇنغا ئايلانغانىدى. ئەسكەرىي قۇرۇلمىمۇ مۇنتىزىم تەرتىپ بىلەن قايتا تەشكىللەپ چىقىلغانىدى. قۇرۇلما فورمىسى ئاساسەن سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ئارمىيە شتاتىنى ئۆرنەك قىلغان بولۇپ، ئەسكەرىي بىرلىكلەرنىڭ نامى، ھەربىي ئۇنۋانلارنىڭ نامى، ئەمەل دەرىجىلىرىمۇ رۇسچە ئاتىلاتتى.

بۇ كۈندىكى تەنتەنە ھېسلىرىم مېنىڭ ئۆمۈرلۈك لەززەت مەنبەيىم بولۇپ قالدى. ئەنە شۇ قوشۇننىڭ بىر ئەزاسى بولۇش، مانا شۇ مىللىي دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن بىر كىشىلىك كۈچ قوشۇش كىمنى پەخىرلەندۈرمىسۇن؟ مانا شۇ كۈندىكى ھاياجان، مانا شۇ كۈنلەردە تېتىپ كۆرگەن ھۆرلۈك لەززىتى مېنىڭ ئۆمۈرۋايەت قوغلىشىدىغان نىشانىم بولۇپ قالدى. چۈنكى شۇ كۈنى ئەڭ تاتلىق ھېسلارغا چۆمۈلگەنىدىم؛ قەلبىم تەرىپلىگۈسىز لەززەت ئىلكىدە كۆكلەرگە ئۈچۈۋاتقاندەك قىلاتتى. ئەنە شۇ لەززەتكە قايتا ئېرىشىش، ئەنە شۇ لەززەتنى تېتىپ كۆرۈشكە نېسىپ بولمايۋاتقان ئەۋلادىمىزغا ئۇنى بەرپا قىلىپ بېرىش مېنى نېمىشكە بۇنداق سەۋدا قىلمىسۇن؟ ئەنە شۇ سەۋدالىق كېيىنكى ھاياتىمدىكى ئاچچىق كەچمىشلەر ئىچىدە، چىدىغۇسىز روھىي ۋە جىسمانىي ئازاپلار ئىلكىدە بوغۇلغاندا ئۈمىد ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەت بەرگەنىدى!

# ئىزمۇ ـ ئىز

خىتايلار غۇلجا قولىدىن كەتكەندىن كېيىن شىخونى بازا قىلدى. بارلىق ئەسكەر ۋە قورال ـ ياراقلىرىنى شۇ يەرگە توپلىدى. بۇ 1944- يىل 12 ـ ئاي ئەتراپى ئىدى.

بىز شىخوغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن 2 دىۋىزىيە ئەسكەر (8 پولك يەنى يىگىرمە مىڭغا يېقىن) يولغا چىقتۇق. بۇنىڭدىن باشقا بىر دىۋىزىيە ئەسكەر ئارقىمىزدىن ئارقا سەپ بولۇپ يولغا چىقتى. بۇ ئۇرۇشقا غۇلجىدىكى كەڭساي پولكىنىڭ پولكوۋنىكى مەمتىمىن ئىمىنوۋ[1] قوماندانلىق قىلدى. بۇ كىشىگە مەركەزدە تۇرۇپ ئىسھاقبەگ ۋە دەلىلقانلار رەھبەرلىك قىلاتتى. بۇ 1945- يىل 1- ئاينىڭ ئاخىرى بولسا كېرەك.

بۇ چاغدا قەشقەردىن گومىنداڭغا ۋاكالەتەن ”غۇلجىدىكى ئالتە ئوغرى“ غا تەربىيە خىزمىتى ئىشلەش ئۈچۈن بەشكېرەملىك ئوسمان داموللام، يېڭىشەھەر ئارىۋاغلىق ئابدۇرېشىت ئەلەم ئاخونۇم (كېيىن قەشقەرگە خەتىپ بولغان)، ئۇرۇمچىدىن ئەكرەم قازاجى، قومۇلدىن مەمەت داموللام، قاراشەھەردىن توقسۇن داموللام، يەكەندىن ئابدۇرېشىت مەۋلىۋى (ئەسلى قەشقەر ئاققاشتىن)، ... قاتارلىق كىشىلەر كېلىپ، مىللىي

[1] مۇھەممەد ئىمىن ئىمىنوۋ —مىللىي ئارمىيىنىڭ گېنېرال مايورى، كوممۇنىست ئىستىلاسىدىن كېيىن ئاتالمىش ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان. شەرقىي تۈركىستان خەلق پارتىيىسىنىڭ قۇرغۇچىسى. 1970 - يىللاردا ئىستىلاچى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تۈرمىدە ئازاپلاپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن — م.

ئەسكەرلەرنى كۆرۈپ ۋە دۆلەت قۇرۇلغانلىقىنى ئاڭلاپ ناھايىتى خوشال بولۇشتى. ئۇلار "بىز گومىنداڭغا ئالدىنىپ كەپتۇق" دەپ غۇلجىدا قېپ قالغان ئىدى. كېيىن مەركەزدە دىنىي شۇراغا ئەزا بولۇپ، گومىنداڭنىڭ جىنايەتلىرىنى پاش قىلدى.

بىز شىخوغا يولغا چىققاندا، جىڭغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن شىرخانوف دېگەن تاتار باشچىلىقىدىكى موڭغۇل پولكى يولغا چىققانىدى. ئۇنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى داشجاق ئىدى.

خەمىت ئارسلان باشچىلىقىدىكى بىر دېۋىزىيە ئەسكەر شىمالىي يۆنۈلۈشكە قاراپ يولغا چىقتى. بۇلاردىن بىر پولك سۇيدۇڭنى ئازات قىلىش ئۈچۈن ئۈرۈش قىلاتتى، قالغىنى چۆچەككە يۈرۈش قىلاتتى. چۆچەككە بىر شۆبە قۇرۇش ئۈچۈن دەللىقان ۋە ئوغلى پاتىخان سوگۇربايوف خەمىت ئارسلان قوشۇنى بىلەن بىللە ماڭغان ئىدى.

ئاقسۇغا سوپاخۇن قوماندانلىقىدىكى پولك يولغا چىقتى. سىياسىي كومىسسار قاسىمجان قەمبىرى ۋە ئابدۇكېرىم ئابباسوفلار ئىدى.

بىر روتا ئەسكەرنى تاجىكىستان ئارقىلىق (رۇسلار بىلەن ئاڭلىشىپ) تاشقورغانغا ئەۋەتكەن. بۇلار تاشقورغاندىن قاغىلىققا راشىدىن مۇفتى ئاخونۇمنىڭ قارشى ئېلىشى بىلەن كەلگەن.

دېمەك، كۆرەش ۋەزىيىتىمىز ئىنتايىن ياخشى بولۇپ، بىز ئاكتىپ (ھۇجۇم قىلغۇچى)ئورۇندا، خىتايلار پاسسىپ ئورۇندا ئىدى. كۆرەش سېپىمىز ناھايىتى كەڭ، مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىدە دۈشمەنگە قارشى ھۇجۇم ھالىتى شەكىللەنگەن ئىدى.

مەن شىخوغا ئۈرۈش قىلغىلى ماڭغان چاغدا روتا كوماندىرى(يۈز بېشى) بولۇپ، روتامدا 120 نەپەر ئەسكىرىم بار ئىدى. پالتىيوف مەتىمىن (بەشكېرەملىك) مۇئاۋىن روتا كاماندىرى ۋە سىياسىي كومىسسار بولغان. مېنىڭ روتامدا 50 ئات، 4 دانە ھارۋا، ھەر بىرىمىزدە بىردىن گومىنداڭدىن ئولجا ئالغان مىلتىق، 5 دانىدىن گرانات، 2 دانە

مىناميۇت، 10 دانە پىلىموت، بىر قىسىم زاپاس ئاپتوماتلار بار ئىدى. مېنىڭ روتامنىڭ ئىككى ۋزۋوتى قازاق ئىدى. بىز تاپرت كېچە يول يۈرۈپ، بەشىنجى كۈنى كېچىدە دۈشمەن ئىستىھكامىغا 200 ـــ 500 مېتىر ئارىلىقتىن ئورۇن تۇتتۇق. يەنى بۇ يەرگىچە كەچ سائەت 12 دە باردۇق. سائەت ئىككىگە قەدەر ئابرون تۇتۇپ بولدۇق. مېنىڭ روتامدا ئائىشە دېگەن بىر تاتار قىز بولۇپ، بۇ قىز باتالىيون كاماندىرى بىلەن ئالاقە قىلاتتى؛ ئىككى دانە شەپقەت ھەمشىرىسى(مېدسېستىرا)، بىر دانە تېلېگىراما ئاپپاراتى ۋە بىر دانە سىمسىز تېلېفون، بىر نەپەر تېلېفونچى بار ئىدى. ئۇن ئادەم تېلېفوننى ۋە تېلېگرامىنى مۇھاپىزەت قىلاتتى. مەن، پالتىيوف مەمتىمىن ۋە قۇربانوفلار روتا كاماندىرى سۈپىتىدە بىر يەردىن ئورۇن ئالدۇق. بىزنىڭ باتالىيوننىڭ تۇتقان ئورنى شىخوغا ئون كىلو مېتىر كېلەتتى. مېنىڭ روتام جايلاشقان يەر بىر زەيلىك بولغاچقا بىزگە ئابرون كولاش بىر قەدەر ئاسان بولدى. ئەتىسى ئەتىگەن توققۇزغا قەدەر بۇيرۇق كۈتتۇق.

سائەت توققۇز بولغاندا ”قورقىقان ئاۋال مۇشت كۆتۈرەر“ دېگەندەك دۈشمەن بىزگە قارشى ئوت ئېچىشقا باشلىدى. بىزنىڭ رەھبەرلىرىمىزدىن: ”ھەرقانداق بەدەل بېرىشتىن قەتئىينەزەر دۈشمەننىڭ ئالدىنقى ئىستىھكامىنى بۇزۇپ تاشلاش كېرەك، دەرھال ئىجرا قىلىنسۇن!“ دەپ بۇيرۇق كەلدى. مەن روتامدىكى ئەسكەرلەرگە يەنى ۋزۋوت كاماندىرلىرى قولىدىكى تېلېفونلارغا: ”يوقۇرىنىڭ بۇيرۇقى! ئات! يوقۇرىنىڭ بۇيرۇقى! ئاگۇم!“ دەپ بۇيرۇق بەردىم. شۇ كۈنى كۈندۈزدىن كەچكىچە جەڭ قىلدۇق. خىتايلار ئوقنى توختاتماي ئاتاتتى. خىتايلار شىخودىكى پوتەيلەرنى ساقلاش ئۈچۈن بۇ يەرگە كېلىپ ئاكۇپ كولىۋالغان ئىكەن. بۇ ئاكۇپلاردىن ئوق ئاتاتتى. بىردەم ئۇ بۇلۇڭدىن، بىردەم بۇ بۇلۇڭدىن ئوق چىقىرىپ، بىزگە ھېچ ئارام بەرمىدى. شۇ كۈنى كەچ سائەت ئونغىچە مۇشۇنداق تىركىشىپ تۇردۇق.

ئەتىسى باش شتاپتىن كەلگەن قوماندانلار بىز تۇتقان ئابرونلارنىڭ ئورنىنىڭ مۇۋاپىق بولمىغانلىرىنى باشقىدىن تۈزەشتۈرۈشنى زۆرۈر تېپىپ، شىخونىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىغا ئاساسەن باشقىدىن ئورۇنلاشتۇردى. بىزنىڭ ئابرونىمىز ئوڭغۇل- دوڭغۇل تۈزلەڭلىك بولغاچقا بىز جايىمىزدا قېلىۋەردۇق. بىزنىڭ ھەربىچە نامىمىز: «ئازاتلىق نىشان» 2 ـ پولك، 1- ئوقچى روتا ئىدى («ئازاتلىق نىشان» دېگەن نام بىزگە نىلقا ساقچى ئىدارىسىنى ئالغاندا بېرىلگەنىدى).

شۇ كۈنى: "مۇشۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە دۈشمەنگە قاتتىق ھۇجۇم قىلىش لازىم، كېچىسى قاراڭغۇدىن پايدىلىنىپ ئابرونلارنى دۈشمەن ئىستىھكامىغا يېقىن يۆتكەش كېرەك" دەپ بۇيرۇق كەلدى. بۇ بۇيرۇققا ئاساسەن بىر تەرەپتىن ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇزۇلدۇرمەي ئوق ئاتىمىز، يەنە بىر تەرەپتىن ئالغا ئىلگىرىلەپ دۈشمەن ئىستىھكامىغا يېقىنلىشىمىز. بىز دۈشمەننىڭ جايىغا 500 مېتىر ئارىلىق قالغىچە يېقىنلاشتۇق. بۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە بىزنىڭ روتىدىن ئادەم چىقىم بولمىدى. ئەمما 1- پولك، 1- باتالىيون، 1- روتىدىكى ئىككى ۋزۋوت ئەسكىرىمىز دۈشمەننى قوغلاپ، ئاخىرىدا مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قېلىپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ. بۇنى كۈندىلىك خەۋەردىن، يەنى «ئىستىقلال گېزىتى»دىن ئۇقتۇم.

بۇ ئۇرۇش بەش كۈن داۋاملاشقان بولسىمۇ ھېچ بىر نەتىجە بولمىدى. ئالتىنچى كۈنى جۈمە كۈنى بولغاچقا جۈمەنى ئوقۇپ ئارام ئالدۇق. شۇ كېچىسى ئون ئىككى يېرىمدا پۈتۈن دېۋىزىيە بويىچە بارلىق مۇجاھىدلارغا ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، دۈشمەننىڭ ئۈچ ياكى تۆرت ئىستىھكامىنى بۇزۇپ تاشلاش كېرەك، دەپ بۇيرۇق چۈشتى. بۇ چاغدا خىتايلار بىز تۇرغان يەردىن شىخوغا قەدەر ئارىلىقتا تۆرت قەۋەت ئىستىھكام قۇرغانىكەن. شەنبە كېچە، يەكشەنبە ۋە دۈشەنبە كۈنلىرى قاتتىق ھۇجۇم قىلىپ خىتايلارنى ئۈچ ئىستىھكامدىن قاچۇردۇق. دۈشمەنلەر شىخودىكى پوتەينىڭ تۈۋىگە ياسالغان ئىستىھكامغا

كىرىۋالدى. بۇ بىر ھەپتىلىك جەڭدە بىزدىن 500 ئادەم چىقىم بولدى. چۈنكى خىتايلارنىڭ شۇ چاغدىكى بىزگە قارشى ئەسكىرى 100 مىڭغا يېتەتتى. بۇ شۇ چاغدىكى خىتايلارنىڭ مەلۇم قىلغان ئەسكەر سانى. بۇ ئۇرۇشتا بىزدىن 500 ئادەم ئۆلگەن ۋە 700 ئادەم ياردار بولغان بولسىمۇ، خىتايلار تەرەپتىن 5000 ئەسكەر ئۆلدى. 1000 نەپەر ئەسكەرنى ئەسىر ئالدۇق. بۇ ئەسىرلەر ئىچىدە 200 نەپەر تۇڭگان، 70 نەپەر ئۇيغۇر بار ئىكەن. تۆرت نەپەر تاتار، 50 نەپەر مۇڭغۇل، بەش نەپەر شىۋە، قالغىنى خىتايلار ئىكەن. بۇ ئەسىرلەر مىللىي ئارمىيەگە ئىقرار قىلىپ، 120 پوتەينىڭ بارلىقىنى ۋە ھەر پوتەيدە 50 ئەسكەر بارلىقىنى ۋە ھەر بىر پوتەيدە 25 يەردىن ئوق چىقىدىغانلىقىنى، ھەر پوتەيدە بەش نەپەردىن ئايال، ئىككى نەپەردىن دوختۇر، پوتەيدىكىلەرگە پۇلنىڭ ھىساپسىز خەجلىنىدىغانلىقى، دۈشمەننىڭ قورال- ياراق ئەھۋالى ۋە باشقا قىسمەن ھەربىي ئاخباراتلارنى دەپ بەردى. بىز بۇ ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرمەي باش شىتاپقا ئەۋەتىپ بەردۇق. قولغا چۈشكەن ئۇيغۇرلارنى خەتەرلىك يەرلەرگە ئوق ـ دورا توشۇيدىغان قىلىپ ئىشلەتتۇق. ئىستىھكام ئەتراپىدا بىر ئايغا قەدەر جەڭ قىلدۇق. ئاخىر پوتەيگە يېقىنلىشالماي، پوتەينى توپقا تۇتتۇق. 18 پوتەينى توپ ئوقلىرى ئۆرىۋەتتى. قالغان پوتەيلەردىن ئوق چىقىۋەردى.

بىر ئايدىن ئاشقاندا شىتاپتىن: خىتايلارنىڭ ئۆلىكىگە دورا چېچىپ، قاتۇرۇپ، 5 ـ 6 نى پالاسقا يۆگەپ تېڭىپ، بۇ جەسەتلەرنى بېشىڭلار بىلەن ئۈسۈپ يۇمۇلىتىپ بېرىپ پوتەينى پارتىلىتىڭلار، دەپ بۇيرۇق كەلدى. مېنىڭ روتامغا ئۈچ پوتەينى پارتىلىتىش ۋەزىپىسى چۈشتى. مەن روتامدىكى ئەسكەرلەرگە پوتەينى پارتىلىتىش توغرۇلۇق مەسلىھەت سالدىم. روتامدىن 15 ئۇيغۇر، 10 قازاق مۇجاھىد بىز پارتىلىتىمىز دەپ پىدائى بولۇپ چىقتى. ئۇلارنى مەن بەش گورۇپپىغا بۆلدۈم. ھەر بىر گورۇپپا 5 ـ 6 دانە ئۆلگەن خىتاينى پالاسقا يۆگەپ باغلاپ، بېشى بىلەن

ئۇسسۇپ يومۇلتىپ، پوتەيگە قاراپ ھۇجۇم قىلىپ ماڭدى. ئۇلار 5 ـ 6 مىللىمېتىر قېلىنلىقتىكى قاڭالتىرنى بېشىدىن كاسىسىغا قەدەر ئارتىپ، ئۆلۈكلەرنى ئۇسسۇپ ماڭدى. ئۆلۈكلەرنىڭ ئېگىزلىگىمۇ بىر مېتىرچە كېلەتتى. چۈنكى خىتايلار ئۆلۈپ ئورۇنغا بارمايلا ئىششىپ كېتىدىكەن. بۇ مۇجاھىدلار ئۆلۈكلەرنى ئۇسسۇپ ئاپىرىپ پوتەيلەرنى پارتىلاتتى، ئەمما ھېچقايسى ھايات قالمىدى. چۈنكى پوتەي پارتىلىغاندا قېچىشقا ئۈلگۈرەلمەي، پوتەي بېسىۋېلىپ شېھىد بولدى. مەن بىرىنچى گورۇپپىنى ئەۋەتكەن چاغدا ئۇلار ئۆلۈكلەرنى يېقىندىن ئۇسسۇپ ماڭغاچقا، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئارتىۋالغان تۆمۈر نىپىز بولغاچقا ۋەزىپىنى بېجىرەلمەيلا ئىككى نەپىرى شېھىد بولدى، ئۈچ نەپىرى يارىدار بولدى، ئەمما ھايات قالدى. كېيىن ئەسكەرلەرگە يېراقتىن ئۇسسۇپ مېڭىشقا بۇيرۇق بەردىم. ئۇلار كېچىچە ئۆلۈكلەرنى تۆرت سائەت ئۇسسۇپ مېڭىپ، ئاخىر پوتەينى پارتىلىتىپ، ئۆزلىرىمۇ شېھىد بولدى. بۇ چاغ ئۇرۇش باشلىنىپ ئۈچ ئاي بولغان ۋاقىت ئىدى. يەنى 1945- يىل 3- ئاي ئەتراپى ئىدى. بۇ جەرياندا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ ئۈچ ئايدا شىخونى غەلىبىلىك ئىشغال قىلدۇق. شىخودىكى خىتايلار بىلەن ئاخىر گىرەلەشمە جەڭ قىلدۇق.

بۇ ئۇرۇشتا مېنىڭ روتامدىن ئاران 18 ئادەم ھايات قالغانىدى. كېيىن بۇلارنىڭ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلدى. مېنىمۇ مۇئاۋىن باتالىيون كاماندىرلىقىغا ئۆستۈردى. ماڭا مايۇر ئۇنۋانى بېرىلدى. ئىشغال قىلىپ بولغاندىن كېيىن شىخودا بىر ئاي دۈشمەن كۈچلىرىنى ۋە جاسۇسلارنى تازىلىدۇق.

# مىللىي ئىنقىلاپنىڭ ئاخىرى

شىخۇ ئۇرۇشىدىن كېيىن ماڭا 100 ئەسكەر قېتىپ بەردى. سۈيدۈڭگە ئۇرۇشقا ماڭدۇق. بىز سۈيدۈڭگە بارغان كۈنى دۈشمەن ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلىش بۇيرۇقى چۈشكەنىكەن.

بىز شۇ كۈنى دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىپ، دەريادىن كېچىپ ئۆتمەكچى بولدۇق. مەن قورالنى بېشىمدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ، مەيدەمگە كەلگىچە سۇدا كېتىپ باراتتىم. دەريادىن كېچىپ ئۆتۈپ كېتىپ بارسام بىر پاي ئوق كېلىپ دوۋسۇنۇمغا تەگدى. ئوق ماڭا تېگىپ بۆرەكمىنىڭ بېغىنى ئۈزىۋەتكەن ئىدى. مەن دەريا ئىچىدىكى يوغان بىر قورام تاشقا يىقىلدىم. ئاياغ تەرىپىم سۇدا، بېشىم تەرەپ تاش ئۈستىدە ئىدى. مەن ھۇشۇمدىن كېتىپتىمەن. بۇ كېچە سائەت بىر ئەتراپىدا بولغان ئىش ئىدى.

تاڭ ئاتقاندا جەڭچىلەر ئىزدەپ كېلىپ مېنى دەريادىن تېپىۋاپتۇ. بۇ چاغدا سۇ توختىغان ئىكەن. ئۈستى ـ بېشىم مۇزلاپ كەتكەنىكەن. مېنى دوختۇرلار چۆچەك ئارقىلىق سەرزەك دەرياسىدىن ئۆتكۈزۈپ ئالمۇتىغا ئاپىرىپ داۋالىتىپتۇ. 15 كۈن بولغاندا كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام ئاقساق ـ چولاق ئادەملەر مېڭىپ يۈرىدۇ. يېنىمدا ئىككى سېستىرا تاتار قىزى تۇرىدۇ، ئۇلار ماڭا: ”ياخشىمۇ سىز؟“ دېدى. مەن: ”قەيەر بۇ؟“ دەپ سورىدىم. ئۇلار: ”بۇ ئالمۇتا، بۇ ئۇرۇش ياردارلىرىنى داۋالاش دوختۇرخانىسى“ دېدى. قارىسام دۇنيا ئۇرۇشى سەپلىرىدە رۇسىيەگە

ئەسىرگە چۈشكەن ھەر مىللەتتىن يارىدارلارمۇ بار. ھەممىسى مەجرۇھ بولغانلار ئىكەن.

مەن ساقايغاندىن كېيىن مېنى يەنە مىللىي ئارمىيەگە ئېلىپ كەلدى. بۇ چاغدا مىللىي ئارمىيە ماناس دەرياسى بويىدا بۆيرۇق كۈتۈپ ياتقان ئىكەن. مەنمۇ ماناس دەرياسى بويىغا كەلدىم.

مەن كېلىپ ئۈچ كۈن ئۆتكەندە بارلىق زاپاس قوراللارنى يىغىۋالدى ۋە ئېغىر قوراللارنىمۇ يىغىۋالدى. 1949- يىلىدىن 1950- يىلى 11 - ئايغىچە «ئازاتلىق نىشان» 2 ـ پولكتا باتالىيون كاندىرلىق ۋەزىپە ئۆتىدۇم.

1952 - يىلى 4- ئايدا مېنى جۇڭگو ــ سوۋېت ئىتتىپاقى جەنۇبى ”شىنجاڭ“[1] كىنو ـ تىياتىر شىركىتىگە دىرىكتور (ئەمەلىيەتتە قورچاق) قىلىپ بەلگىلەپ قويدى.

1953 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن 10 ـ ئايغا قەدەر ئىچكى ئۆلكىلەرنى زىيارەت قىلىشقا ئېلىپ باردى. خىتايدىن قايتىپ كېلىپ، ”شىنجاڭ“ ھەربى رايونى توپوگرافىيە قىسىملىرى چېگرا تەكشۈرۈش ئەترىتىگە ئۆرۈنلاشتۇرۇلدۇم. بۇ ئەترەت سوۋېت ئىتتىپاقى مۇتىخەسسىلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ۋەتىنىمىزنىڭ توپوگرافىيىلىك خەرىتىسىنى ئالاتتى. ئايروپىلان ئارقىلىق تارتىلغان يەريۈزى رەسىملىرى باردى. بۇنىڭغا بىرلەشتۈرۈپ ئۆلچەش، سىزىش ئېلىپ بېرىلاتتى. بۇ خىزمەتنىڭ خاراكتېرى مەخپىي بولۇپ، ئېلىۋاتقان خەرىتىمىز $^1/_{1000}$ ماسشتاپلىق ھەربىي خەرىتە ئىدى.

---

[1] «شىنجاڭ» — (خىتايچە: 新疆) —خىتاي - مانجۇ ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ئىستىلاسىدىن كېيىن، جاللات زوزۇڭتاڭ تەرىپىدىن 1884 - يىلى ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستانغا قويۇلغان ھاقارەتلىك ئىسىم. بۇ ھاقارەتلىك نامنىڭ مەنىسى يېڭى چېگرا، يېڭى زېمىن، يېڭى مۇستەملىكە ... قاتارلىق ئاڭلاملارنى بېرىدۇ، — م.

مەن بۇ يەردە 1956- يىلىغا قەدەر ئىشلىدىم. مەن بۇ ئەترەت بىلەن بىللە شەرقى تۈركىستان چېگرىلىرىنىڭ ھەممە يېرىگە باردىم. خىتايلار شەرقى تۈركىستاننىڭ چېگرىلىرىنى رەسمىگە تارتىپ، ئەسكەر ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن تەييارلىق قىلغان ئىدى. مەن بۇلار بىلەن بىللە ھەممە يەرگە بارغانىدىم. خىتايلار بىزنى ژۇگۇر - يىتىم ئىشلىرىغا سېلىپ، مەخپىيەتلىكى قاتتىقراق بولغان نۇقتىلارغا يېقىن كەلتۈرمەيتى. ئەمما بىزگە چاندۇرماسلىق ئۈچۈن بىزنى ئەھمىيەتسىز بىر ئىشلارغا بۇيرۇپ قوياتتى. بۇنداق چاغلاردا مەن ئىشخانىدا يۈرەتتىم. ئېمىنوۋ ماڭا ئۇلارنىڭ قانداق يەرلەرنى رەسىمغا ئالىدىغانلىقىغا دىققەت قىلىشىمنى، كېيىن ئۇنىڭغا خەبەر قىلىشىمنى تاپشۇرغانىدى، بىز ئۇيغۇرلار تۆرت كىشى بولۇپ، بىز مۇمكىن بولغىنىچە رەسىملەرنى بىر نۇسقا كۆپەيتىپ، ئۇرۇمچىگە بارغاندا ئېمىنوۋقا دوكلات قىلىپ تۇراتتۇق.

1956 - يىلى 9- ئايدا مىللى ئارمىيەنى قىسقارتىپ، 10 مىڭ ئادەمنى قاتناش ئىدارىسىگە چىقىرىۋەتتى، مەنمۇ بۇلارنىڭ قاتارىدا بار ئىدىم. مەن ماشىنا ھەيدىيەلەيدىغان بولغاچقا كىنىشكە ئېلىپ شوپۇر بولدۇم. بۇ ۋاقىتتىن 1960 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شوپۇرلۇق قىلدىم.

# تۆرمە ھاياتى

1960- يىلى 11- ئاينىڭ 13- كۈنى نامااز شامنى قەشقەر ئۆستەڭبويى زەرگەر بازىرىدىكى مەسجىدتە ئوقۇپ ئۆيگە قايتىپ كېلىۋاتاتتىم. ھېيتگاھقا كەلگەندە ئابلاخان خوجا دېگەن بىر جەرىدە ئادەمگە ئۇچراپ قالدىم. ئۇ ئادەم ئالدىمنى توسۇپ ”ماڭا سەدىقە بەر“ دېدى. چاپىنىمنىڭ يانچۇقىدا 5 — 6 موچەندەك پۇل بار ئىكەن، ئۇنى بەردىم. ئۆيگە كەلسەم ھويلىنىڭ ئىچىدىن قەشقەر ۋىلايەتلىك يولۇچىلار بېكىتى 4- كالونىنىڭ قارا خىزمەتچىسى ياسىن قوزى دېگەن ئادەم چىقىۋاتىدۇ، ئۇ ماڭا:

— قاتناش پارتكومىنىڭ شۇجىسى[①] ۋاڭ شۇجى سىلىنى چاقىرىپ كەل دېگەندى، — دېدى.

بۇ كەچ سائەت 9 ـ 10 بولغان ۋاقىت ئىدى. شۇڭا مەن ئۇنىڭغا:

—مېنىڭ پارتىيە شۇجىلىرى ۋە ۋاڭ شۇجى ـ پاڭ شۇجىلار بىلەن ئالاقەم يوق، چۈنكى مەن بىر ئاددى ئىشچى، مەن بارمايمەن، — دېدىم.

—بارمىسىلا باشقا ئادەملەر كېلىپ ھامان ئەكىتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بىلەن بىللە بارغانلىرى ياخشى بولارمىكىن، — دېدى ئۇ ئادەم.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ مېنى توشۇمچىلىق 6- شىركىتىنىڭ كادىرلار بۆلۈمىگە باشلاپ ئاپاردى. كادىرلار بۆلۈمىنىڭ ئىشىكىدىن كىرگەندىن

---

① شۇجى —خىتايچە (书记) رۇسچىسىمۇ ئارىلاش قوللىنىلىدۇ، رۇسچە سېكرېتار“ دېگەن بولىدۇ. بىر دەرىجىلىك پارتىيە باشلىقىنى كۆرسىتىدۇ — م.

كېيىن 4- كالوننىڭ كومموٗنىست ياچايكا سېكرېتارى بولغان بىر خىتاي مېنى تاپشۇرۋالدى. ئۇ خىتاي ماڭا:

—تېنچلىق كەلدىڭمۇ؟ ياخشى كېلىپسەن، سەن بىلەن سۆزلىشىدىغان ئازراق گەپ بار ئىدى، —دېدى. خىتاي يەنە، —ئاناڭ بارمۇ؟ داداڭ بارمۇ؟ مائاشىڭ تۇرمۇشۇڭغا يېتىۋاتامدۇ؟ —دەپ ئىككى سائەت گەپكە تۇتۇپ كاشىلا قىلدى.

ئاندىن كېيىن كەچ سائەت بىردە توشۇمچىلىق شىركىتىنىڭ ئىدارە ساقچىسى دەن كوجاڭ[1] دېگەن خىتاي ئىككى ئادەمنى باشلاپ كىردى. مېنى چاقىرتىپ ئەكەلگەندىن كېيىن ئۆيۈمنى ئاختۇرغانىكەن. يەنى ساقچى باشقارمىسى، قوراللىق ئەترەت ۋە ئىدارە ساقچىلىرى بىرلىكتە ئۆيۈمنى ئاختۇرغانىكەن. ھېلىقى خىتاي شۇنىڭ ئۈچۈن ئىككى سائەت گەپكە سېلىپ تۇرغانىكەن. كەچ سائەت بىر بولغاندا دەن كوجاڭ دېگەن خىتاي ئۆيۈمنى ئاختۇرغانلارنى باشلاپ مەن بار ئۆيگە ئېلىپ كىردى ۋە:

—مۇشۇ ئادەم شۇ، —دېدى، مېنى تۇتقىلى كەلگەن خىتاي. ئامانلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى تۇرسۇن تۇردىمۇ باردى. يەنە بىر خىتاي باشلىق:

— جۇجاڭنىڭ ئۆيىدە ئازراق سۆھبەتلىشىمىز، يۈر، —دېدى. مەن ئىندىمىدىم. ئۇلار مېنى كارىدور ئارقىلىق ئىشىك ئالدىغا ئاچىقتى. ئىشىك ئالدىدا بىر دانە جىپ ماشىنا بار ئىكەن. خىتاي باشلىق ماڭا:

—ماشىنىغا چىق، —دېدى ۋە ماشىنىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغۇزدى. ماشىنىنىڭ كەينىدە ھېلىقى ئىككى باشلىق ئولتۇردى. بىز قاتناش ئىدارىسىدىن چىقىپ، ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ،

---

[1] كوجاڭ— خىتايچە —科长(kezhang) نىڭ بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىشى بولۇپ، بۆلۈم باشلىقى دېگەن گەپ. بۇ ئارمىيىدىكى باتالىيون كوماندىرلىقىغا تەڭ ئەمەل — م.

ئۈستەڭبويى ئارقىلىق يومۇلاقشەھەردىكى ساقچى باشقارمىسىغا باردۇق. ساقچى باشقارمىسى بىناسىنىڭ 3 ـ قەۋىتىدىكى باشقارما باشلىقى ئىشخانىسىغا كىردۇق. ئۇ ئۆيدە ئىككى نەپەر ئۇيغۇر، 13 خىتاي بار ئىكەن. ئىككى ئۇيغۇرنىڭ بىرسى مېنى سوراق قىلدى. يەنە بىرسى سوراق خاتىرىسى يازدى. قالغان 13 خىتاينىڭ قولىدا نۇرغۇن ماتېرىياللار بار بولۇپ، ئۇلار قەغەزلەرنى ۋاراقلاپ، سوراققا نازارەت قىلىشىپ ئولتۇردى.

سوراقچى:

— سەن تارىخىڭنى سۆزلە! — دېدى.

— مەن 1910 ـ يىلى تۇغۇلدۇم،... — دەپ 1960- يىلغا قەدەر ئۆتكەن تارىخىمنى سۆزلەپ ئۆتتۇم. ئۇلار مېنىڭ تارىخىمنى مېنى تۇتماستىن بۇرۇن ئىدارىدىن ئەكىلىپ بولغانىكەن. مەن تارىخىمنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، سوراقچىلار:

— تۇگىدىمۇ؟ —دېدى.

— تۈگىدى،— دېدىم مەن.

— سېنى بىز بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن تۇتۇپ ئەكەلگەنلىكىمىزنى بىلەمسەن؟ — دېدى.

— بىلمەيمەن، — دېدىم.

— سەن بىر ياخشى ئادەم، ئەسكەرگە قاتناشقان ۋە ياخشى ئىشلىگەن ئادەمسەن، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز سېنى قولۇڭغا كويزا سېلىپ، خەلق ـ ئالەم ئالدىدا رەسۋا قىلىپ ئەكەلمىدۇق، شۇڭا سەن مەسىلەڭنى ياۋاشلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇشۇڭ كېرەك.

— مېنىڭ ھېچ ئىشتىن خەۋىرىم يوق، ھېچ ئىش قىلمىدىم، نېمىنى ئوتتۇرىغا قويىمەن؟

— شەرقى تۇركىستان تەشكىلاتىنى پاش قىلىسەن.

— 1933- يىللىرى شەرقى تۇركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان، 1944 ــ 1949- يىللىرى شەرقى تۇركىستان جۇمھۇرىيىتى

قۇرۇلغان، بۇ جەرياندا مەن كۆپ ئۇرۇشلارغا قاتناشقان، قايسىسىنى باشتا سۆزلەيمەن؟

— ئۇنى بىز بىلمىمىز، سەن تولا خۇپسەنلىك قىلماي، بىز سورىغانغا جاۋاپ بەر! —دېدى سوراقچى. بۇ ئەسنادا يېنى ياتقان بىر خىتاي بار ئىدى، ئۇ چاچراپ قوپتى ۋە باشقا خىتايلارمۇ ئىززەت كۆرسىتىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېتىشتى. بۇ خىتاي مۇنداق دېدى:

— مەن ”شىنجاڭ“(شەرقىي تۈركىستاننى دېمەكچى) ھەربىي رايونىنىڭ 4- قوماندانى، ساقچى نازارىتىنىڭ 1- سېكرېتارى ۋە 1- نازىرى، ئىشلەپچىقىرىش- قورۇلۇش قىسىملىرىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئىتى. مەن بۈگۈن كۈندۈز سائەت تۆرتتە سېنىڭ مەسىلەڭ ئۈچۈن ئالاھىدە كەلدىم. ساڭا 5 مىنۇتلۇق ئويلىنىش بېرىمەن، ئويلىنىپ جاۋاپ بەر، — دېدى ۋە ئارقىدىن ئۆزە تۇرۇشقان خىتايلارغا خىتايچە، — ①把钞票拿来！ — دېدى. ئىككى قولۇپلۇق بىر دانە تۆمۈر ساندۇق كەلتۈرۈلدى ۋە ئاچتى. ساندۇقتا لىق پۇل بار ئىكەن. ھەممىسى بەش كويلۇق پۇللار ئىكەن. شۇ زاماندا خىتاي پۇلىنىڭ چوڭى بەش كويلۇق ئىدى. ئۇ خىتاي دېدىكى:

— بۇ پۇللارنى ساڭا بېرىمىز ۋە ئىش ھەققىڭنى ئۈچ ھەسسە ئۆستۈرۈپ بېرىمىز، بۈگۈنلا ئۆيۈڭگە ئاپىرىپ قويىمىز. ئەتىلا سېنى ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كېتىمىز. سەن بىز ئۈچۈن لازىملىق ئادەمسەن، بىراق سېنىڭ پاش قىلىدىغان نەرسەڭ: قەشقەرنىڭ مەلۇم يېرىدە، شەرقىي تۈركىستان خەلق پارتىيىسىنىڭ جەنۇبى بىيرو تەييارلىق يىغىنى ئۆتكۈزۈلگەن، بۇنى دەيسەن. يەنە بىرى، «شەرقىي تۈركىستان ئىتتىپاقى» دېگەن 80 بەتلىك ژورنال بېسىلغان، ئىلگىرى چىقىدىغان «ئىزۋېستىيە گېزىتى»نى «ئىستىقلال» گېزىتىگە ئۆزگەرتىپ چىقارغان،

---

① 把钞票拿来！ — (ba chaopiao nalai!) — پۇلنى ئەكەل!(خىتايچە) — م.

بۇ ئۈچ مەسىلىنىڭ بىرىنى دېسەڭمۇ بولىدۇ، ئۈچۈلىسىنى دېسەڭمۇ بولىدۇ، ئەڭ ياخشىسى ئۈچۈلىسىنى دېگىن، —دېدى.

«ئىزۋېستىيە[1] گېزىتى» دېگىنى، خەلق پارتىيىسىنىڭ ئىچكى گېزىتى بولۇپ، پارتىيىنىڭ غوللۇق ئەزالىرى كۆرەلەيتى. بۇ گېزىتكە خىتايلارنىڭ ئىچكى ئەھۋالى ۋە ئىچكى ماتىرىياللار، سوۋېتتىكى پاراۋانلىق، خىتايدىكى ئاچارچىلىق قاتارلىق نەرسىلەر بېسىلاتتى. رۇسلارنىڭ دىنى بېسىملىرىمۇ يېزىلاتتى. ھىس قىلىشىمچە بۇ گېزىتتە روشەن سوۋېتپەرەستلىك بىلىنىپ تۇراتتى. بۇ گېزىت بۇرۇن ئىنقىلاپ دەۋرىدە «شەرقى تۈركىستان ئاۋازى» دېگەن نام بىلەن چىقاتتى. 1956-يىلى خىتايلارنىڭ شۇم غەرىزىنى بىلىپ قالغان زىيالىلار: ”بىزگە مۇستەقىللىق كېرەك! خىتايلار توختامغا ئاساسەن چىقىپ كەتسۇن!“ دەپ غەۋغا قىلغاندىن كېيىن، ئارىمىزدا خىتايغا قارشى خەلق پارتىيىسى ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ پارتىيە قىسقارتىپ «خ پ» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ گېزىت «خ پ» نىڭ گېزىتى ئىدى. بۇ گېزىت توغرىسىدا 1960- يىلى 6 - ئايدا يىغىن ئېچىلىپ «ئىستىقلال گېزىتى» گە ئۆزگەرتىلگەن. خىتايلار ئەنە شۇ گېزىتنى سۈرۈشتە قىلماقتا ئىدى.

—بۇ ئىشلاردىن خەۋىرىم يوق، مەن بىر ئاددى ئادەممەن. مېنىڭ ئۇنداق چوڭ يىغىنلارغا قاتنىشىش سالاھىيىتىم يوق، گېزىتكە ئالاقىدار ئىشلارنى بىلگىدەك ساۋادىممۇ يوق، بۇنى ھەر بىرلىرى ئوبدان بىلىشىلا، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ھېچنەرسە بىلمەيمەن، — دېدىم مەن. ئۇ خىتاي ماڭا يىراقتىن ئىككى پارچە رەسىم كۆرسەتتى ۋە:

— بۇ رەسىمدىكى ئادەمنى سەن بىلىسەن، شۇڭا ئۇنىڭ ئىسمىنى ساڭا دېمەكنىڭ ھاجىتى يوق، بىرسى سەن بىلەن بىللە ئوقۇغان، سەن

---

[1] ئىزۋېستىيە — رۇسچە известя دىن كەلگەن بولۇپ، ئەڭ يېڭى خەۋەرلەر، خەۋەرلەر، مەنىسىدە — م.

ئۇنى يىغىنغا تەكلىپ قىلىپ باغاق ئاپارغان، ئۇ ئادەم مەلۇم ئورۇننىڭ پارتىيە سېكرېتارى. يەنە بىرسى، ئاپتونوم رايونلۇق ساقچى نازارىتىنىڭ قارمىقىدىكى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى. مانا شۇنىڭدىن بىلسەڭ بولىدۇ، جاۋاپ بەرمەي قۇتۇلالمايسەن! — دەپ ماڭا تەھدىت سالدى.

— بۇلاردىن خەۋىرىم يوق، بۇ ئادەملەرنى تونۇمايمەن.

ھېلىقى خىتاي ئىنتايىن رايى يانغان بىر تەقلىتتە قىزىرىپ-تاتىرىپ:

— بۇ ئادەمنى ئۆز ئىدارىسىغا ئاپىرىۋېتىڭلار! بۇ ئۆلسىمۇ ئۆزگەرمەيدىغان جاھىل ئۇنسۇر ئىكەن، بۇ ئۇنسۇرنى ئېغىر جازالاش كېرەك! — دېدى ـ دە، سوراقخانىدىن چىقىپ كەتتى.

مېنى ساقچىلار 3- قەۋەتتىن پەسكە ئېپچۈشتى. دەرۋازا ئالدىغا چۈشسەم، ئۇيەردە قاتناش سېكرېتارى شاشۇجى بىلەن ۋاڭ شۇجى دېگەن ئىككى خىتاي تۇرىدۇ، ئۇلار مېنى تاپشۇرىۋالغىلى كەلگەن ئىكەن. ئۇلار بىلەن بىللە قاتناش قوغداش بۆلىمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى پىردەۋس دېگەن مۇناپىقمۇ كەلگەن ئىكەن. ساقچى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى فاڭ باشقارما باشلىقى ۋە بىر ماشىنا ئەسكەرمۇ كەلگەن ئىكەن. ئۇلار مېنى ئاپىرىپ قاتناش ئىدارىسىنىڭ باشلىقىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ:

— بۇ ئۆزەڭلارنىڭ كونا ئىشچىڭلار ئىكەن، ئۆزەڭلار قاتتىق تەكشۈرۈڭلار، — دەپ قايتىپ كەتتى. بۇ ئىش 1960- يىل 11- ئاينىڭ 13 ـ كۈنى كەچ سائەت 3 تە بولدى.

ئۇلار كەتكەندىن كېيىن ئىدارىدىكى ساقچىلار مېنى قوغداش بۆلۈم ساقچىلىرىنىڭ پوستقا چىققاندا كېيىم يەڭگۈشلەيدىغان ئۆيىگە سولاپ قويدى. ساقچى باشقارمىسىدىن كەلگەنلەر ”يەرلىك ئۇسۇلدا قىيناڭلار“ دەپ تاپشۇرۇق بېرىپ كەتكەچكە، قوغداش بۆلىمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى پىردەۋس دېگەن مۇناپىق ۋە ئىككى خىتاي ۋە تۆرت نەپەر قوغداش بۆلۈم

قاتناش ساقچىسى مېنى قىيناشنى باشلىدى. بېشىمغا ماشىنىنىڭ بەندىشىنى كەيگۈزدى. ئىككى قولۇمنى باغلاپ، ئىككى تەرەپتىكى كارىۋاتقا چېتىپ قويدى. مېنى يۆكۈندۈرۈپ ئولتۇرغۇزدى ۋە تىزىمنىڭ ئاستىغا ئۇزۇنلۇقى 2 مېتىر كېلىدىغان ئۈچ قىرلىق پولاتنى قىستۇرۇپ ۋەھشىيلەرچە قىينىدى. بۇ قىيناش دەھشەتلىك بولغاچقا 30 مىنۇت ئەتراپىدا بەرداشلىق بېرەلىدىم. ئاخىرى چىداپ بولالماي ئاغزىمغا كەلگىنىچە ۋارقىراپ تىللىدىم. تىللاشلىرىمدىن جېنى چىققان خىتاي ئەسكەرلىرى مىلتىقنىڭ پايىنىكى بىلەن ئومۇرتقا سۆڭىكىمگە 3 ـ 4 نى ئۇرىۋەتتى. مەن ھوشۇمدىن كېتىپتىمەن.

بىر چاغدا قولىقىمغا ئەزاننىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، كۆزۈمنى ئاچسام، مېنى سولاپ قويغان ئۆيدىكى پەگادا، سىمونت ئۇستىدە يېتىپتىمەن. قارىسام چوڭ، كىچىك تەرەتلىرىم چىقىپ كېتىپتۇ. دەرىزىدە پوسقا تۇرغان ئەسكەرلەر: ”ئۆلمەپتۇ، ئۆلمەپتۇ“ دېيىشىۋاتىدۇ. مەنمۇ شۇ گەپلەردىن ئۆزۈمنىڭ ئۆلگىدەك قىينالغانلىقىمنى، شۇندىمۇ ئۆلمەي ساق قالغىنىمنى خىرە ـ شىرە ھېس قىلدىم. ناماز ۋاقتى بولۇپ قالغاچقا مەن ئۇلارغا: ”تەرەتكە چىقىمەن“ دېدىم. مېنى ئىككى ئەسكەر يالاپ، ئىدارىنىڭ خالاسىغا ئاپاردى. خالاغا كىرىپ ئۆتۈكۈمنى سېلىپ، ئىچىگە توشۇپ قالغان نىجاسەتلەرنى تازىلىدىم. ئىشتان، ئىچ ئىشتانلىرىمنىمۇ سېلىپ تازىلىدىم. قارىسام ئارقا تەرىپىمدىن قانمۇ چىقىپ كېتىپتۇ. ياتاققا قايتىپ كىردىم. ئۇلارغا: ”يۈزۈمنى يۇغىلى سۇ بېرىڭلار“ دېدىم. ئۇلار بىر كورۇشكا سۇ بەردى. يۈز ـ كۆزۈمنى ۋە ئىچ كىيىملىرىمنىڭ بەزەن يەرلىرىنى يۇدۇم. ئاندىن تەيەممۇم قىلىپ ناماز ئوقۇدۇم.

ئەتىسى كۈندۈز سائەت 9 بولغاندا بىر پىيالە چاي ۋە بىر نان ئەكىرىپ بەردى. ھېچ مادارىم يوق، ناننى چايىنىغىدەكمۇ ئەھۋالىم يوق ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ناننى سۇغا تۇگۈرۈپ يېرىمىنى يىدىم. ئاندىن ئۇلار مېنى ماي ئىسكىلاتىنىڭ قورۇلۇشىغا ئاچىقتى. ماڭا كەتمەننى بەردى ۋە

سىمونت لېيىنى ئۈسۈپ بېرىشكە بۇيرىدى.

بۇ ماي ئىسكىلاتى قورۇلۇشىدا ئىشلەۋاتقان 200 نەپەر ئۇيغۇر، 150 خىتاي بار ئىدى. بۇلار "تۆرت خىل ئۇنسۇر"لار ئىدى. يەنى بۇزۇق ئۇنسۇر، چەتكە باغلانغان ئۇنسۇر، يەرلىك مىللەتچى، پانتۈركىست، پانئىسلامىست، پومشىشلىك، بايدېھقان دېگەندەك جىنايەتلەر بىلەن سولانغانلار ئىدى. مەن "يەرلىك مىللەتچى، پانئىسلامچى" ئىدىم. مەن ئازگالدىن لاي ئۈسۈپ بەردىم. باشقىلار ئاخشىمى ئۇيىگە قايتىپ كېتەلەيدۇ، بىراق مەن قايتىپ كېتەلمەيمەن. مېنى ھېلىقى قوغداش بۆلۈمىنىڭ ئۇيىگە سولاپ قوياتتى. ھەر كۈنى كەچ سائەت سەككىزدىن كېيىن ساقچى ئىدارىسىدىن ئىككى خىتاي، ئىككى ئۇيغۇر مۇناپىق كېلەتتى. بۇ ئىككى ئۇيغۇرنىڭ بىرى، ئامانلىق نازارىتىنىڭ سابىق نازىرى تۇرسۇن تۇردى، يەنە بىرى، ئابدۇرېھىم ئەمەت ئىدى، ئۇ سوراق خاتىرىسى يازاتتى. ئىككى خىتاي سوراق جەريانىدا: "ئىقرار قىلغانلارغا كەڭچىلىك قىلىنىدۇ، جاھىللىق قىلغانلار قاتتىق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، بۇ پارتىيىمىزنىڭ ئىزچىل پرىنسىپى!" دەپ ۋارقىراپ تۇراتتى.

— سەن مەسىلەڭنى تاپشۇر! تېخى ۋاقتى ئۆتمىدى، سېنى بىز ساقچى باشقارمىسىغا ئاپىرىپ سوراق قىلغاندا، نازىرنىڭ ساڭا كەڭچىلىك قىلىش ۋە يول بېرىش ھەققىدىكى سۆزى ھازىرمۇ كۇچكە ئىگە. ھازىر تېخى كېچىكمىدىڭ، ئۇنداق بولمىسا ھېلىقى قىيناش ئۇسۇللىرىمىز قايتا تەكرارلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن ئېغىرراق باشقا ئۇسۇللىرىمىزمۇ بار تېخى! — دەپ، بىر تەرەپتىن ئالداپ، يەنە بىر تەرەپتىن تەھدىت سېلىپ تۇراتتى.

— سېنىڭ سورىغان سوئاللىرىڭغا مېنىڭ جاۋابىم يوق، چۈنكى سەن سورىغان ئىشلاردىن مېنىڭ خەۋىرىم يوق، نېمە قىلساڭ قىل، مەن ھېچ نەرسىنى بىلمەيمەن، مەن پەقەت ئۇرۇشقا قاتناشتىم، مەن ئاتمىسام ئۇلار مېنى ئاتاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتتىم ۋە ئۆلتۈردۈم، مېنىڭ

ھېچقانداق جىنايىتىم يوق، نېمە قىلساڭ قىلالايسەن، مېنىڭ باشقا ئىلاجىم يوق، — دېدىم.

ئۇ خىتاي تاپانچىسىغا ئوق سېلىپ شىرە ئۈستىدە قويۇپ:

— بىزدە ماددىي ۋە مەنىۋىي پاكىتلار بار، يالغان سۆزلىمە، يالغان سۆزلىسەڭ بىزدىن قوتۇلالمايسەن، بىز سېنى ئىقرار قىلدۇرۇشتا باشقىچە ئۇسۇللارنى قوللىنىمىز، — دەپ تەھدىت سالدى.

سوراق خاتىرىسى يازىدىغان ئابدۇرېھىم ئەمەت:

— بۇ ئادەملەر بەك چوڭ كادىرلار، سەن بۇلارنى خاپا قىلما، جېنىڭغا ئىچىڭ ئاغرىسۇن، ئاناڭ ۋە داداڭ بار، خوتۇن ـ بالىلىرىڭ بار، جاھىللىق قىلما...، —دەپ يۇمشىتىش خىزمىتى ئىشلەپ تۇراتتى.

نازىر تۇرسۇن تۇردى مۇنداق دەيتتى:

— سېنىڭ تەشكىلاتىڭ نەچچە تارماقلارغا بۆلىنىدۇ، سېنىڭ تەشكىلاتىڭنىڭ ئىسلامىي تارمىقىدىكى قولىنى قانىتىپ قول باسقان ۋە قۇرئان تۇتۇپ قەسەم ئىچكەن دامولللارمۇ قىلغان ئىشىغا تۆۋە قىلىپ ھەقىقەتكە قايتتى ۋە ھەممە ئىشلارنى پاش قىلىۋاتىدۇ، سەن جاھىللىق قىلىپ ھېچ ئىش قىلالمايسەن! — دېدى.

سوراق ئۈچ سائەت داۋاملىشىپ ھېچ نەتىجە ئالالمىغاندىن كېيىن ئۇلار قايتىپ كەتتى. ئۇلار قايتىپ كەتكەندىن كېيىن ماڭا بىر دانە قاتلىنىدىغان سەييارە ياغاچ كارۋاتنى كۆرسىتىپ، ”شۇ يەردە يات“ دېدى. ئۆيدىكىلەر مېنىڭ جۇۋامنى ئەكىلىپ بېرىپتىكەن، مەن ئۇ جۇۋىنى كارىۋاتقا سېلىپ ياتتىم. كۆندۈزى ئىشقا ئاچىقاتتى. تاياق زەربىسىدىن ھالىم قالمىغاچقا ئىشىنىمۇ بەك تەستە قىلاتتىم.

10 كۈن ئىشلىگەندىن كېيىن، بىر كېچىسى ساقچىلار كىردى ۋە بېشىمغا تاغار كەيدۈردى. قولۇمنى ئارقامدىن باغلىدى. باشقا بىر يوللاردىن ماڭدۇرۇپ، نامەلۇم بىر يەرگە ئاپاردى. ئۇ يەرنىڭ نەلىكىنى ھېچ بىلمىدىم. خىتايلار: ”ئۇر! ئۇر!“ دېيىشىپ ۋاقىرىشىپ تۇراتتى. مەن ئۇ

يەرگە بارغاندىن كېيىن قولۇمنىڭ باشبارمىقى بىلەن پۇتۇمنىڭ نامسىز بارمىقىنى بىرلەشتۈرۈپ چېگىپ، ئىككى پۇتۇمدىن ئېسىپ قويدى. بارماقلىرىم ئېغىرلىقىمنى كۆتۈرەلمەي، ھېلى ئۈزۈلۈپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. ئاغرىق ئازاۋى مېڭەمگە چىقىپ، تۇغۇلغۇنۇمغا تويغۇزىۋەتتى. بېشىمنى قويۇپ بەرسەم كارنىيىم قىسىلىپ نەپىسىم كېسىلىپ كېتەتتى؛ كۆتۈرۈپ تۇراي دېسەم تېزلا چارچاپ كېتەتتىم. بىر پۇتۇمنى ئەنە شۇنداق ساڭگىلاپ تۇرغاچقا بەك تالاتتى. شۇنداق قىلىپ بىرلا ۋاقىتتا ئۈچ تەرەپتىن ئازاپلىناتتىم. ئازاپلار دەستىدىن بېشىم چىڭقىلىپ، چېكە تومۇرلىرىم ھېلى ئېتىلىپ كېتىدىغاندەك كۆپۈپ كەتمەكتىدى. مۇشۇنداق ئازاپلانغىچە ئۆلۈپلا تۈگىشىدىغان ئىش بولسىمۇ، كاشكى! دېگەنلەرنى كۆڭلۈمدىن ئۆتكۈزدۈم. ئۆز ۋاقتىدا جەڭلەردە ئۆلۈپ كەتكەن بولسام نەقەدەر راھەت بولىدىغانلىقىنىمۇ تولۇق مەنىسى بىلەن ھېس قىلدىم. شۇ ھالدا ئېسىقلىق بىر سائەت ئەتراپىدا تۇردۇم. ئۇنىڭدىن كېيىن ھۇشۇمدىن كېتىپتىمەن. قانچە سائەت ھۇشسىز ياتقانلىقىمنى بىلمەيمەن. ھۇشۇمغا كېلىپ قارىسام، قوغداش بۆلۈم ئۆيىدىكى ئەسلى ياتىقىمنىڭ كارۋىتىدا يېتىپتىمەن. كۆزۈمنى ئاچتىم، ئەمما كۈندۈزمۇ ياكى كېچىمۇ بىلەلمىدىم. مېنى تەرەتكىمۇ كېچىسى ئاچىقاتتى. شۇ ئەھۋالدا كۈندۈز يا كېچىنى ئىلغا قىلالماستىن 3ـ 4 كۈن مىدىرلىيالماي ياتتىم. كېيىن پۇتۇمنىڭ باشبارمىقى بەك ئاغرىدى، قارىسام پۇتۇمنىڭ باشبارمىقىغا مىخ قېقىپتۇ. پۇتۇم يىرىڭدىغاندىن كېيىن ئۇ مىخنى سوغىرىپ ئېلىۋەتتىم.

بىر كۈنى كەچ سائەت ئىككىدە ساقچى باشقارمىسىدىن تۇرسۇن تۇردى كېلىپ، ساقچى باشقارمىسىغا سوراققا ئاپاردى. فاڭ باشقارما باشلىقى قاتارلىق 8 ـ 10 خىتاي ئۇ يەردە بۇرۇن سورىغان سوراقلارنى قايتا سورىدى ۋە:

— گۇڭسەنداڭ ساڭا شۇنداق ۋەدە بېرىدۇكى، ئىقرار قىلساڭ بۇرۇن

بېرىمىز دېگەن پۇللارنى بېرىمىز، سېنى قويۇپ بېرىمىز، خىزمىتىڭنى ئەسلىگە كەلتۈرىمىز ۋە ئۆستۈرىمىز. ئەگەر يەنە جاھىللىق قىلساڭ ساڭا چىقىش يولى يوق، — دېدى.

— مېنىڭ ھېچقانداق جىنايىتىم يوق، لېكىن بۇنىڭغا سىلەر ئىشەنمەيۋاتىسىلەر، مېنىڭ باشقا دەيدىغىنىم يوق، ئىشەنمىسەڭلار مېنىڭ باشقا ئامالىم يوق، قانداق قىلساڭلار قىلالايسىلەر، ئىختىيار ئۆزەڭلاردا،— دېدىم.

— بۇنى ئاچىقىپ قارا ئۆيگە سولاپ قويۇڭلار، — دېدى ئۇ خىتاي.

ئىككى ئەسكەر ۋە گۇندىپاي مېنى ئېچىقىپ قارا ئۆيگە سولاپ قويدى. قارا ئۆينىڭ ئۇزۇنلىقى بىر يېرىم مېتىر، كەڭلىكى يېرىم مېتىر كېلەتتى. سۇ ئىچىش ئۈچۈن قولاقسىز بىر كوزىسى، تەرەت قىلىش ئۈچۈن قولاقلىق بىر تەشتەك بەردى. بېرىدىغان تامىقى: ئەتىگەندە بىر موما، بىر پىيالە سۇ، كەچتە بىر موما، بىر پىيالە كۆكتات شورپىسى ئىدى. ھەممىدىن ياتماق بەك قىيىن ئىدى. بىر يېرىم مېتىر ئۇزۇنلۇق پۇت ئۇزاتماق ئىمكانى بەرمىگەنىنىڭ ئۈستىگە، بىر دانە سۇ كوزىسى بىلەن بىردانە تەرەت تەشتىكى ماڭا تەۋە بۇ ماكاننى تېخىمۇ تارلاشتۇرىۋېتەتتى. شۇڭا ياتقاندا پۇتۇمنى كۆتۈرۈپ تامغا ئېلىۋالاتتىم، ئىككى قاچا پۇتۇمنىڭ ئاستىدا ھاسىل بولغان ئۈچ بۇلۇڭلۇق بوشلۇقتا تۇراتتى. ئەمما كېچىلىرى ئۆرۈلمەك مۇشكۈل ئىدى. دىققەت قىلمىغاندا يا سۇ كوزىسىنى ئۆرۈۋېتىپ، ياتىدىغان يەرنى بەربات قىلاتتىم؛ يا تەرەت تەشتىكىنى ئۆرۈۋېتىپ، كېچىچە ئۆرە تۇرۇشقا مەجبۇر بولىدىغان ۋەزىيەتكە قالاتتىم. بۇ قارا ئۆيدە 110 كۈن يەنى 1962- يىل 3- ئاينىڭ ئاخىرلىرىغىچە شۇ ئۆيگە تەرەت قىلىپ، كۈن كۆرمەي ۋە سوراق قىلىنماي ياتتىم.

3- ئاينىڭ بىر كۈنى ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن سائەت 10 ئەتراپىدا ئىككى ئەسكەر بىلەن ئىككى گۇندىپاي ئىشىكنى ئېچىپ:

— تالاغا چىق! — دېدى.

ئىشتاننىڭ تاسمىسى يوق، ئىچ ئىشتاننىڭ ئىشتانبېغى يوق، چاپاننىڭ تۈگمىسى يوق بولغاچقا قولۇمدا تۇتىۋالغان ھالدا قارا ئۆيدىن چىقتىم. ئۇلار مېنى تۇرمە سوراقخانىسىغا ئاچىقتى. سوراقخانىدا ئەينى ۋاقىتتىكى تۇرسۇن تۇردى، ئابدۇرېھىم ئەمەت، ساقچى باشقارمىسىنىڭ باش كاتىتۋېشى فاڭ باشقارما باشلىقى، قوشۇمچە تەرجىمان ۋە نازارەت قىلغۇچى بولۇپ بەش كىشى بار ئىكەن. بۇ نۆۋەتتىكى سوراقنى فاڭ باشقارما باشلىقى ئۆزى قىلدى.

— سېنى بىز تۆرت ئاي ئىلگىرى سوراق قىلغانىدۇق ۋە ساڭا ئۈچ تۈرلۈك نەرسىگە جاۋاپ بېرىشنى ئېيتقانىدۇق. سەن جاۋاپ بەرمىدىڭ، ئىككى قېتىم قايتا سوراق قىلدۇق، يەنە جاۋاپ بەرمىدىڭ. سەن كونا ئىشچى ۋە كونا ئەسكەر بولغاچقا ساڭا بىز ئىنسانى مۇئامىلە قىلدۇق. سەن بۇنى بىلمىدىڭ، پارتىيىمىز ئەزەلدىن ”كېسەلنى داۋالاپ، ئادەمنى قۇتقۇزۇش“ پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ كەلدى. سېنى قۇتقۇزىۋېلىش كويىدا بولىۋاتقانىنى بىلمەيۋاتىسەن. كومپارتىيە ۋەدىسىدە تۇرىدۇ، سەن تېخى كېچىكمىدىڭ، مەسىلەڭنى ھازىر تاپشۇرساڭمۇ كېچىكمەيسەن، ئەگەر مەسىلەڭنى تاپشۇرساڭ يەنىلا ھېلىقى پۇلغا ۋە كەڭچىلىككە ئېرىشەلەيسەن، ئەگەر تاپشۇرمىساڭ سەن بىزدىن قۇتۇلالمايسەن،—دېدى.

مەن تەرجىمانغا:

— سەن مەن دېگەن گەپلەرنى ئۆز ئەينى ئۆرۈپ بەر، كىچىكلەتمە ۋە چوڭايتما، مەن نېمە دېسەم، سەن شۇنى دە، ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭ مەن خەنزۇچە بىلمەن، ئۆزەم دەيمەن، — دېدىم. تەرجىمان ئانىسى خىتاي، دادىسى ئۇيغۇر بولغانلىقتىن:

— سەن دېگەننىڭ ئۆز ئەينىنى تەرجىمە قىلىمەن، — دېدى.

— فاڭ باشقارما باشلىقى، سەن ماڭا ئىنسانى مۇئامىلە قىلدىڭمۇ؟ سەن مېنى ئىدارىغا ئاپىرىپ بەردىڭ، ئۇلارغا نېمە دەپ تەلىم بەردىڭ،

ئاللاھ بىلىدۇ. ئۇلار مېنى قىيناپ، زۇلۇم قىلىپ كۆرگۈلۈكۈمنى كۆرسەتتى. سەن مەندەك بىر گۇناسىز ئادەمنى تۈرمىگە 110 كۈن سولاپ قويدۇڭ، مېنى يەنە كېلىپ قارا ئۆيگە سولاپ قويدۇڭ، ئۇ قارا ئۆيدە ياكى بىر يوتقان ياكى بىر ئەديال ياكى قۇرۇق پاخالمۇ يوق. سەن تېخى يەنە ئىنسانى مۇئامىلە قىلدىم، دەۋاتىسەن. سېنىڭ ئىنسانى مۇئامىلەڭ مۇشۇنداق بولامدۇ؟ سەن كوممۇنىستلار «ئۈچ چوڭ ئىنتىزام، سەككىز دىققەت» نى ئوقۇپ كېلىشكەن ئىدىڭ، ماڭا ئەسىرگە مۇئامىلە قىلغانچىلىك ئىنسانى مۇئامىلە قىلىپ باقمىدىڭ، — دېدىم.

تەرجىمان بۇنى تەرجىمە قىلىپ بەردى. فاڭ باشقارما باشلىقى گۇندىپاينى چاقىرغان ئىدى، بىر قېرى خىتاي كەلدى.

فاڭ باشقارما باشلىقى ئۇنىڭدىن:

— بۇنىڭغا يوتقان - كۆرپە ئەكىرىپ بەردىڭمۇ؟— دەپ سورىدى. ئۇ خىتاي گەپ قىلماي ئىنجىقلاپ تۇردى. فاڭ باشقارما باشلىقى ماڭا:

— يۇر، ياتىقىڭنى مەن كۆرۈپ باقاي، — دېدى ساختا مېھرىبانلىق بىلەن ۋە ياتىقىمنى كۆرگىلى ماڭدى. مەنمۇ بىللە ئىشتان بېغىمنى تۇتۇپ ماڭدىم. ئۇ مەن ياتقان ياتاقنى كۆردى ۋە بېشىغا بىرنى شاپىلاقلاپ، ماڭا ھېسداشلىق قىلغان قىياپەتكە كىرىۋالدى. ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، مېنى گۇندىپايلار يەنە سولاپ قويدى. بىر سائەت بولغان چاغدا ئىشىك ئېچىلدى، قارىسام، پاكار قارامتۇل كەلگەن بىر ئۇيغۇر غالچا كىردى. ئۇ كىرىپلا:

— ئېتىڭ نىمە؟— دەپ سورىدى. مەن:

— ئېتىم يوق، مېڭىپ كەلدىم،— دېدىم.

— ئۆيۈڭ نەدە؟— دەپ سورىدى ئۇ يەنە.

— ئۆيۈم مۇشۇ، — دېدىم تەئەددى قىلىپ.

ئۇ بىر تاتىرىپ ئاندىن:

— مەن ھۇشۇر داۋۇت بولىمەن، تېگىم مارالۋېشىدىن، سېنى مەن

مارالۋېشىدا پاختا توشۇۋاتقان چېغىمىدا كۆرگەن، سەن فاڭ باشقارما باشلىقىنى داۋلىدا يېڭىپ قويۇپسەن، فاڭ باشقارما باشلىقى: ”مەن 30 يىل جىنايەتچى باشقۇرغان، ئەمما ھېچبىر جىنايەتچى مېنى مات قىلالمىغان، بارات: مېنىڭ سۆڭۆكۈمدە سوتسىيالىزىم قۇرماقچىمۇسەن دەپ مېنى مات قىلىپ قويدى“ دەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇرۇنقى تۈرمە باشلىقىنى ئىشتىن بوشاتتى. مېنى ئۇنىڭ ئورنىغا تۈرمە باشلىقى قىلدى، مەن ساڭا يوتقان - كۆرپە ئەكىرىپ بېرىمەن، — دېدى- دە، چىقىپ كەتتى. كېيىن ئۇ بىر دانە كۆرپە ۋە كىرلىك، بىر دانە چىت يوتقان، بىر دانە ئاق تۇماق،ئۈچ ئىشتان ۋە ئۈچ دانە كۆينەك ئەكىرىپ بەردى. ئاندىن ئۈچ باغلام پاخالمۇ ئەكىرگۈزۈپ بەردى. بۇ كوممۇنىستلارنىڭ يەنە بىر تۈرلۈك ئالدامچىلىقى، يۇمشىتىش تەدبىرى بولسا كېرەك. مېنىڭ گېپىم بىلەنلا بىر تۈرمە باشلىقىنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىمايدىغانلىقى كوممۇنىستلارنىڭ ئىزانى بىلمەيدىغان تەبىئىتىدىن بىلىنىپ تۇرغانلا گەپ ئىدى. شۇڭا مەن بۇ گەپلەرگە ھەم بۇ ”غەمخورلۇق“لارغا پىسەنت قىلىپ كەتمىدىم.

ئۇندىن كېيىن ئالتە ئاي يەنى 1962- يىل 9- ئايغا قەدەر سوراق بولمىدى. 9- ئايدا يەنە سوراق باشلاندى. سوراقتا مۇنداق سوئاللار سورالدى:

— سەن تۆرتى ئېنىق بولمىغانلار بىلەن ئىشلىگەن ۋاختىڭدا ، سەككىزىنچى كالوننىڭ قوروسىدا بىر قوشاق دېكلىماتسىيە قىلىپسەن، ئۇ قوشاق نىمە ئىدى؟ سۆزلە، — دېدى.

— قانداق نەرسە ئېيتقانلىقىم ئېسىمدە يوق،— دېدىم.

— قانداق نەرسە ئېيتقانلىقىڭنى بىز ئېيتىپ بېرەيلى، — دەپ قوشاقنىڭ مەزمۇنىنى ماڭا سۆزلەپ بەردى.

ئەسلىدە بۇ يەردە ئىشلەيدىغان 200 ئۇيغۇرنىڭ ھەممىسى بۇ قوشاقنى ئوقۇغان ئىدى.

— بۇنى كىم ئوقۇدى دەپ كىشىلەرنى سوراق قىلساق، بارات ئوقۇدى دەپ جاۋاپ بېرىشتى، سەن قوشاقنىڭ ئۆز ئەينىنى سۆزلە، — دېدى سوراقچى.

— ئوقۇشنى ھەممىسى ئوقۇپ، ئېغىر كەلگەندە ھەممىنى باراتقا دۆڭگەپ قويىدىغان گەپمىكەن؟ مەن قاتاردىكى بىرسى، خالاس.

— ئۇنداق بولسا، بۇ قوشاقنى باشتا كىم تاپقانلىقىنى ئېيت!

— كىمنىڭ تاپقانلىقىنى مەن نەدىن بىلەي، كۆپچىلىك ئوقۇۋېتىپتىكەن، مېنىڭمۇ يادىمدا قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، خەخلەرگە قوشۇلۇپ ئوقۇدۇم، شۇ.

— سەن شۇ قوشاقنى ئەينەن ئوقۇپ باقە!

مەن ئۇ قوشاقنى ئوقۇدۇم:

دېدىڭ: ”بۇخارادىن كەلگەن ئەرەپمەن،
جۇۋاڭنى تىككىلى كەلگەن“.
ساڭا ”لەي“[1]دەپ توقاچ بەرسەم،
دېدىڭ: ”ئاناڭنى سىككىلى كەلگەن“ .

ئۇلار مەندىن بۇنىڭ مەزمۇنىنى سوراشتى. مەن ئۇلارغا قوشاقنىڭ مەزمۇنىنى دەپ بەرمەي قۇتۇلالمايتتىم. شۇڭا بۇنىڭ مەنىسىنى دېيىشكە باھانىداپ ئاچچىقىمنى چىقىرىۋالماقچى بولدۇم:

— بۇخارادىن ئەرەپ كەلمەيدۇ، چۈنكى ئۇ يەردە ئۇيغۇر، ئۆزبەك ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەر ياشايدۇ. بۇ ”ئەرەپلەر“ شەرقتىن كەلگەن ”ئەرەپلەر“ بولۇپ، سىلەر مۇھتىرەم ”مېھمانلىرىمىز“نى دېمەكچى. چۈنكى سىلەر يېڭى كەلگەندە ”بىز ئۈچ يىلدىن بەش يىلغا قەدەر تۇرىمىز، بۇ يەردىكى

---

[1] لەي — 来 —”كەل“ دېگەن سۆز — م.

گومىنداڭنى ئۆزگەرتىپ ئېلىپ كېتىمىز" دەپتىكەنسىلەر، شۇڭا بۇ يەرنىڭ خەلقى سىلەرنى قارشى ئېلىپ "لەي" دېگەن، سىلەرنى ياغلىق توقاچ بېرىپ كۈتىۋالغان، كېيىن سىلەر بۇ يەرگە ئورۇنلىشىۋېلىپلا، بىرنى ئۇنداق، بىرنى مۇنداق دەپ قارىلاپ، زۇلۇم قىلىۋاتىسىلەر. جۇۋىمىزنى تىكىپ، قاماقخانىغا قامىدىڭلار. مال - مۈلكىمىزنى تالىدىڭلار، ئاپتونومىيە بەردۇق دەپ ساختا ئاپتونومىيە بېرىپ دۇنياغا جار سېلىۋاتىسىلەر، ... دېگەندەك مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالسا كېرەك، — دېدىم. ئەمما گۇناھىمنى ئېغىرلاتماسلىق ئۈچۈن ئىلاۋە قىلىپ، — قوشاقنى مەن توقۇمۇدۇم، شۇنداقلا يالغۇز مەنلا ئوقۇمۇدۇم، ھەممىمىز ئوقۇدۇق،— دېدىم.

قوشاقنىڭ تەرجىمىسىنى ئاڭلىغان خىتايلارنىڭ راسا ئوغىسى قاينىدى بولغاي، بىرسى تۇيۇقسىزلا بىر شاپىلاق سالدى. شۇنداق قەھرى بىلەن ئۇردىكى، تۇيۇقسىز ئولتۇرغانلىقىم، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنىڭ قول كۆتەرگىنىنىمۇ تۇيماي قالغىنىم ئۈچۈن كۆزۈمدىن ئوت چىكەتتى؛ قۇلىقىم غوڭۇلداپ كەتتى. ئەگەر يەنە بىرسى تىرىۋالمىغان بولسا يەرگە ئۇچۇپ چۈشەتتىم.

— سەن بىزدىن نارازى بولۇشتىكى سەۋەپ نىمە؟ سىنىڭ قارنىڭ تويمىدىمۇ؟ ساڭا ھۆكۈمەت مائاش بەرمىدىمۇ؟ ساڭا بەرگەن 287 كوي 71 پۇڭ مائاش يەتمىدىمۇ؟ — دېدى.

— مىنىڭ مائاشىم يەتتى، مەن نارازى بولۇپ نىمە قىپتىمەن؟ — دېدىم.

— سەن بۇرۇن ھەربىدە تۇرغاندا: "بىزگە ئاپتونومىيەنىڭ كېرىكى يوق، خىتايلار چىقىپ كەتسۇن، بىزگە مۇستەقىللىق كېرەك" دېگەنلەرنىڭ سېپىدە ئىكەنسەن، راستمۇ؟

—راست.

— بۇ خىل قاراشتىكىلەرنىڭ بېشى كىم ئىدى؟

— بىلمەيمەن.
— سەن كىمنىڭ تەشۋىقى بىلەن بۇ قاراشتىكىلەرگە قوشۇلدۇڭ؟
— ماڭا ھېچكىم بۇنداق تەشۋىق قىلمىدى، ئۆزەملا شۇ پىكىرگە كەلدىم.
— ...
— بۇگۈنكى سوراق مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى، بۇنىدىن كېيىنكى سوراقلاردا ئاپتونۇم رايۇنلۇق ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قادىر ساۋۇت بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ۋە ئاپتونۇم رايۇندىكى مەلۇم بىر رەئىس بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ۋە قەشقەردە ئېچىلغان يىغىنىنىڭ نىمە مەزمۇندا ئېچىلغانلىقىنى ئوچۇق سۆزلەيسەن، ئۇنىدىن باشقا ئاقسۇدىكى تەشكىلاتنىڭ ئەھۋالىدىن جاۋاپ بېرىسەن، مەسىلەڭنى تولۇق تاپشۇرساڭ يەنىلا كەڭچىلىككە ئېرىشىسەن، بۇنى ئويلاپ قوي. ئۆزگەرتىش مەيدانىدا ۋەقە يۈز بەرگەن، بۇنىڭدىن خەۋىرىڭ بارمۇ - يوق؟ بۇنىمۇ ئويلاپ قوي، — دەپ سوراقنى توختاتتى - دە، چىقىپ كېتىشتى.
شۇنىڭ بىلەن ئۈچ يىل ھېچقانداق سوراق بولمىدى.

# مالىمانچىلىق يىللىرىدىكى كەچۈرمىشلەر

## (بەزى موھىم ئادەملەرنىڭ تۈرمە ھاياتى)

1

ئۇندىن كېيىن 1966- يىل 5- ئايدا خىتايلار خەلق ئۇرۇشىنى يەنى ئاتالمىش ”مەدەنىيەت ئىنقىلابى“نى باشلىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ ئىنقىلاپنىڭ شەرقى تۈركىستاندىكى خاراكتىرى: مەدەنىيەتنى ۋە مەدەنىيەتلىك كىشىلەرنى يوقۇتىدىغان سىياسىي ھەرىكەت ئىدى. مەدرىسىلەرنى چېقىش، ناماز ئوقۇيدىغانلارنى تۇتۇش، ئۇلارنىڭ ساقىلىنى كېسىش، قۇرئانى كەرىم ۋە تارىخىي كىتاپلارنى كۆيدۈرۈش، ئايالىلارنىڭ چېچىنى كېسىش، ئۇزۇن كۆينەكلىرىنى كېسىش، يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللى ئالاھىدىلىكىنى ساقلايدىغان ھەر قانداق نەرسىلەرنى يوقۇتۇش ۋە خەلقنىڭ قولىدا مەدەنىيەتكە ئائىت ھېچقانداق نەرسە قويماي يوقۇتۇش بۇ ئاتالمىش ”ئىنقىلاپ“نىڭ مەزمۇنلىرى ئىدى. دىنىي مۇدەررىس ۋە ئۆلۇمالارنى، زىيالىلارنى، پەننىي مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ مۇدىرلىرىنى يەنى بىلىملىك ئادەملەرنى ئومۇميۈزلۈك يوقۇتۇش ئىدى. بۇلارنى ئېزىتقۇ، جىن- شەيتان دەپ تەشۋىق قىلاتتى. يېزىلاردىكى بىلىمسىز ئاۋام دېھقانلارنى شەھەرلەرگە ۋە رەھبىرى ئورگانلارغا يۆتكەپ كېلىپ، ئۇلار ئارقىلىق ”گومانلىق ئادەم“ لەرنى تۇتۇپ سولايتى، مەدەنىيەتلىك

ئادەملەرنى دۈمبالاپ، يا نەزەربەنت ئاستىدا ئىشلىتىش، ياكى قاماقتا ئېلىش ئومۇمىيۈزلۈك ئەۋج ئېلىپ كەتتى. مەن گەرچە تۈرمىدە بولسامۇ بولىۋاتقان بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ تەسىرى ھەر بۇلۇڭ پۇچقاقتا ئەكس ئېتىپ تۇرىدىغان بولغاچقا بۇلاردىن خەۋەردار بولغىلى بولاتتى. بۇ جەرياندا شەرقى تۈركىستاننى قۇتقۇزدۇرىدىغان ئىسلام پارتىيىسى ۋە خەلق پارتىيىسى دېگەن ئىككى پارتىيىنىڭ ئادەملىرى دەپ گۇمان قىلغان ئادەملەرنى ھېچقانداق دەلىل ئىسپاتقا تايانمايلا گۇمانىي ئاساستا تۇتۇشقا باشلىدى.

قەشقەردە دىنى مۇدەررىس ئابدۇقادىر سەيىدى داموللامنى يەنى 1933- يىلىدا قۇرۇلغان «شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نىڭ باش كاتىپى، خانلىق مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسىنى ۋە بۇ ئادەمدە ئوقۇغان، باشقا كىشىلەردىن تەلىم ئالغان سۇلايمان دامولللامنى، ئابلىكىم مەخدۇم ھاجىم، مۇھەممەد ئۆمەر ھاجىم، سالىجان قاراجىم، ياسىنكام شەنجاڭلارنى ۋە ھەر قايسى ۋىلايەتنىڭ ۋالىلىرىنى ۋە خىتاي ئۆزى سايلىغان ھاكىم ۋە سېكرىتارلارنى، ساقچى باشقارمىسى ۋە ساقچى نازارىتىدىكى ئۇيغۇر باشلىقلارنى تۇتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى تۈرمىگە تاشلىدى ۋە بەزىلىرىنى مەمۇرىي ئورۇنلارنىڭ ”خەلق ئەسكەرلىرى“گە تاپشۇرۇپ بېرىپ، كۈندۈزى ئىشلىتىپ، كېچىسى ئېسىپ قويۇپ ئۇرۇپ قىيناپ ئازاپلىدى. شۇ ئارقىلىق بىزنىڭ تەشكىلات ئادەملىرىمىزدىن بىر نەچچىنى تۇتىۋالدى.

تۇتۇلغانلار: سىدىقجان ساۋۇت، سۇلتاننۇر ساۋۇت، نۇرنىسا، مەكتىلىك قورالىلىق قىسىمنىڭ كومىسارى پالتا مەمتىمىن، ساقچى نازارىتىنىڭ نازىرى ئوبۇلقاسىم ھامۇت، قەشقەر ۋالىسى ئېمىنوۋ ھامۇت، ساقچى باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى ۋە كېيىنكى ۋالى ئابدۇرېھىم ئېمىنوۋ، ئابدۇكېرىم ھامۇق، سىدىقهاجى سائەتچى، سادىق كىران، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى قەشقەر پىداگوگىكا ئىنىستىتوتىنىڭ باش مۇدىرى تۇردى ئېلى، مائارىپ باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى قۇربانوۋ، قىرغىز

پولكوۋنىڭ جانايۇپ، قىرغىز ئوبلاستىنىڭ رەئىسى ھارون، پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ باش كاتىپى يۇسۇپ سەييىدىن، قاغىلىقلىق ئابلىمىت راشىدىن، ئىنىسى ھەبىبۇللا راشىدىن، ئالىم ئەھمەت زىيائى، ئابلىمىت ئەيىنەك ۋە ھېزىمىۋ قاتارلىقلاردۇر. ۋە بۇلارغا ئوخشاش ئوت يۈرەك كىشىلەردىن شەرقى تۈركىستان بويىچە 25 مىڭ ئادەم تۈرمىگە ئېلىنغان ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە قوماندان مەمتىمىن ئېمىنوۋ، ئەسئەد ئىسھاقوۋ، پولكوۋنىك ئاخۇنوۋ، مجىت (سىلىڭ)، مەكتىلىك مەمتىمىن ۋە روزى ھېكىم، ئىبراھىم تۇردى، ئەنۋەر جاكولىن، ئەنۋەر بابايوۋ، پاتىخان سۇگۇربايوۋ، ئۆمەرجان، ھەربى رايوننىڭ تەرجىمانى مەترەيماخۇن گودەيزە، مجىت ھېلىم، ئەخمەتجان مۇنىرى، سېيتنىياز، قاسىموۋ، ئاباس بۇرھان قاتارلىق كىشىلەرمۇ بار ئىدى. بۇلارنى ھەر قايسى جايلاردىكى مەمۇرى ئورۇنلاردا يەرلىك ئۇسۇل بىلەن قىيناپ، سۇئىئى دېلو ياساپ چىقىپ قارىلايتتى. بۇلارغا ئارتىلغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى يالغان ئىدى. چۈنكى، سەن ئۇنى قىلدىڭ، سەن بۇنى قىلدىڭ دەپ دۆمبالاۋەرگەندىن كېيىن، تاياقتا چىدىيالماي ئاغزىغا كەلگەننى دەيدىغان ئىش ئىكەن.

2

1966- يىلى 8- ئايدا تۇيۇقسىزلا مېنىڭ ئۈستۈمدە سوراق باشلاندى. بۇ سوراقتا:

— بىز ساڭا كۆپ تەربىيە بەردۇق، پۇرسەت بەردۇق، ئۆز ئىدارەڭدە بىر قىسىم سوراق ۋە قىيناشلارنى ئۆزەڭنىڭ ئىدارىسىدىكىلەر قىلدى. سەن ھازىر جاھىللىق قىلما، چۈنكى بىزنىڭ قولىمىزدا ھازىر رەسمى پاكىت بار. ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قادىر ساۋۇتنىڭ ئۆيىدە بېسىلغان ئاتالمىش «شەرقى تۈركىستان» ژورنىلى ۋە گېزىتلىرىنىڭ ئۆزىنى ئۇنىڭ ئايالى پاتىگۇل ئارقىلىق قولغا چۈشۈردۇق.

سەن بىلەن بىللە ئىنقىلاپ قوزغىماقچى بولغان سىدىق ساۋۇت، سۇلتاننۇر ساۋۇت، نۇرنىسا، داداجى(دادا ھاجى)، روزاجى ئاشپەز، ئىمىن گۇسۇن ئىبزىزاخۇن قىزى قاتارلىق ئادەملەرنى مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىنىڭ غەلىبىسى ئارقىلىق تۇتۇپ، بىر قىسىملارغا تولۇق مەسىلە تاپشۇرغانلىقى ئۈچۈن ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ئالدىدىكى تەنھەرىكەت مەيدانىدا 30 مىڭ كىشىلىك يىغىن ئېچىپ كەڭچىلىك بىلەن قويۇپ بېرىلدى. قاتناشقان ئۈچ مىڭ كىشىلىك يىغىن ئېچىپ سېنى كىشىلەرنىڭ رايىغا قويساق، 80 پىرسەنت ئادەم ”ئېتىپ بەرسۇن“ دەپ پىكىر بەردى. 20 پىرسەنت ئادەم ”ھۆكۈمەت قانداق چارە كۆرسە ئۆزىنىڭ ئىشى“دېدى. سەن بۇ مەسىلىگە جاۋاپ بەرسەڭمۇ، جاۋاپ بەرمىسەڭمۇ ئوخشاشلا جازالايمىز. ئەمما يەنىلا سېنىڭ جاۋاپ بېرىشىڭنى كۈتۈپ تۇرىمىز، سۆزلە! — دېدى.

يېنىمدا تۆرت دانە قوراللىق ئەسكەر بار ئىدى. ئالدىمغا كىشەن كويزا زەنجىرلەرنى تاشلىدى، توك دەزمال، مېڭىنى سىقىدىغان ئېلىكترونلۇق ئاسۋاپلارنى ئالدىمغا تىزدى. تەھدىت سېلىپ جاۋاپ بېرىشكە قىستىدى. تۆرت ئەسكەردىن باشقا يەنە 10 ئادەم بار ئىدى.

— مېنىڭ جاۋابىم يوق، چۈنكى مېنىڭ جىنايىتىم يوق، —دېدىم.

— سەن شەرقى تۈركىستان تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى ماشىنىدا شەرقتىن غەربكە، غەربتىن شەرققە، جەنۇپتىن شەرققە توشۇغان سەن، بۇنىڭغا جاۋاپ بەر! — دەپ ۋارقىرىدى سوراقچى.

مەن ئۆزەمنى ئاقلىدىم، ھېچقانداق مەسىلىنى بوينۇمغا ئالمىدىم.

— سېنىڭ سۆزۈڭ تۈگىدىمۇ؟— دېدى.

— تۈگىدى، دەيدىغان نېمە گېپىم بولماقچىدى؟ يەنە دېسەم يەنە شۇ گەپ، يەنە دېسەم يەنە شۇ،... —دېدىم.

ماڭا دەرھال بىرشىرە كەلتۈردى ۋە شىرەنى تەتۈر قويدى ۋە شىرەگە بېلىمچە ئۇڭدا ياتقۇزدى. ئېڭىمىمغا بىر قىرلىق ياغاچ، بېلىمگە بىر

قىرلىق ياغاچ قويدى. پۇتۇمنىڭ تۆپىگە تاش باستى ۋە مەيدەمگە تاش باستى.ئاندىن پۇت - قولۇمنى باغلاپ، پۇتۇمنىڭ ئۇچىغا جۇۋالدۇۋرۇز تىقتى. بۇ ئازاپقا بەرداشلىق بېرەلمەي سىرىق ئېتىم بۆسۈلۈپ كەتتى. ئۇچەيلىرىم سىرتقا چىقىپ كەتتى. بىر قىقىراپلا ھۇشۇمدىن كەتتىم. مەجبۇرىي ھوشۇمغا كەلتۈرۈشتى. زەكىرىمگە قىزىلمۇچ سۈيىگە چىلانغان يىڭنە تىقتى. يەنە ھوشۇمدىن كەتتىم،... يەنە ھوشۇمغا كەلتۈرۈشتى. ئەمدى بۇرنۇمدىن قىزىلمۇچ سۈيى قۇيدى. نەپەس ئېلىش بىلەن بۇ زەھەردەك ئاچچىق سۇ ئۆپكەمگە شۇمۇرۇلۇپ كىرىپ، جېنىم چىقىپ كېتىدىغاندەك ھىس قىلدىم. بۇتۇن بەدىنىمگە ئوت كەتتى... ئۇچ كۈندىن كېيىن ھۇشۇمغا كېلىپ قارىسام پۇتۇمدا كىشەن، قېشىمدا بىر جىنايەتچى تۇرۇپتۇ. ئۇ ماڭا گەپ قىلمايدۇ، قارىسام ئىشتىنىم يوق، ئۇستۇمگە بىر نەرسە يېپىپ قويۇپتۇ. تېگىم پوق - سۈدۈك بىلەن بۇلغۇنۇپ كېتىپتۇ. مەن ئۇنىڭدىن كېيىن ئالتە ئاي تەرەتكە چىقالماس بولۇپ قالدىم. ئۆملەپ ماڭىمەن. قىلغان تەرىتىمنى 5ـ 6 كۈندە بىر قېتىم ئاچىقۋېتىدۇ. ئاڭغىچە پۇراپ تۇرىدۇ. 24 سائەت ئىچىدە ئىككى مىنۇتلۇق تەرەت تۆكۈش پۇرسىتى بار. ئالتە ئايدىن كېيىن بىر ئاز ياخشىلاندىم ۋە ئۆز تەرىتىمنى ئۆزەم تۆكىدىغان بولدۇم.

1967- يىلى "مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى" تازا كۈچەيگەن چاغ ئىدى، تەرەپ- تەرەپتىن ھەر تۈرلۈك تۆھمەتلەر بىلەن ئادەم تۇتۇپ تۈرمىلەر توشۇپ كەتتى.

بىر كۈنى بىر مەلئۇن ۋارقىراپ كەتتى: "بىزنىڭ باشلىقىمىز شوپۇر! بۇرۇن مىللى ئارمىيەدە ئوفىتسېر بولغان! ئۇ ئەكسىلئىنقىلاپچىلارنىڭ باشلىقى!" دەۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدىم. ئىشىكنىڭ كىچىك بىر تۇشۇكى بار ئىدى، ئۇ ۋاقىراپ 17 كۈن ئۆتكەندە ھېلىقى تۇشۇكتىن قارىسام، ئۇ داداجى (دادا ھاجى) دېگەن ناۋاي ئىكەن. پۇتىغا كىشەن سېلىپ قويۇپتۇ. ئۇ يەنە: "بىزنى ئالدىغان ئاشۇ شوپۇر!

بىز تۆۋە قىلدۇق! تۆۋە قىلغانلارغا كەڭچىلىك دېگەن پىرىنسىپ بويىچە باشقۇرسۇن!“ دەپ ۋاقىراپ چىقىپ كېتىپ باردۇ. مەن ئۇنى ”بارات“ دېگەن ئىسمىنى ئاغزىغا ئالغاندىن كېيىن تونۇدۇم ۋە: ”ئاللا جازاڭنى بەرسۇن، هۇ، كومۇنۇسلارنىڭ ئىتى!“ دەپ ۋارقىرىدىم.

ئۇنىڭدىن كېيىن 10 كۈن ئۆتكەندە گۈلدۈر- تاراق، قىيا- چىيا بولۇپ كەتتى، ئىشىك ئالدىغا كېلىپ تىڭشىسام، بىر ئايالنى سوراق قىلغىلى تۇرۇپتۇ. بۇ ئەسلىدە ماڭا تەهدىت سېلىش ئۈچۈن بولۇۋاتقان كومىدىك سوراق ئىكەن.

سوراقچى:

— هەي نۇرنىسا! هۇ جىن شاياتۇن! جاۋاپ بەر! سەن ماتكاڭنىڭ ئىچىگە سېلىپ خەت توشۇغان! ئۇ خەتلەر نىمە خەت ئىدى؟ — دەۋاتاتتى. مەن 3- كامىردا ئىدىم، ئۇ ئايال ماڭا يېقىن بىر كامىردا سوراق قىلىنىۋاتاتتى.

ئۇ ئايال:

— مەن بىلمەيمەن، مېنىڭ هېچقانداق جىنايىتىم يوق، دىننى، ۋەتەننى، مىللەتنى سۆيۈش جىنايەت ئەمەس! — دەپ ۋاقىراۋاتاتتى.

— سېنى بىز، ئىدارەڭگە ئاچىقىپ بېرىمىز، كەڭچىلىك قىلىمىز دېسەك ئاڭلىمايۋاتامسەن! سەن تېخى ”مىللەتچى“ بولىۋالدىڭمۇ؟

ئۇ ئايال بىر نەرسە دېدى، ئەمما مەن ئاڭلىيالمىدىم، سوراقچىلار:

— ئۇر! — دېدى ـ دە، ”گۈلدۈر ـ غالاپ“ بولۇپ كەتتى.

كېيىن ئۇقسام، ئۇ ئايالنىمۇ مېنى قىيىنىغاندەك كالتەككە بېسىپتىكەن، يەتتە ئايلىق بولغان بالىسى چۈشۈپ كېتىپ ئايىغىدىن قان كېلىپ كېتىپتۇ. دوختۇرلار ۋە ئەسكەرلەر كامېر هويلىسىغا پەيدا بولۇپ قالدى، يالاقچىلاردىن بىرى: ”بۇنىڭ بالىسى ئۆلدى، بۇنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىش كېرەك“ دېيىشىۋاتاتتى. هېلىقى تۈشۈكتىن قارىسام، ئۇ ئايالنى جىنازىغا ئوخشايدىغان بىر كارىۋاتقا ياتقۇزىۋاپتۇ، قانلار

ئېقىۋاتىدۇ، يۈزىگە بىر نەرسە يېپىپ قويۇپتۇ، ئاچچىقىپ كەتتى. ئۇ ئايالنىڭ ئېرىنى باشقا كامېرغا سولىغان ئىكەن.

1967- يىلى 6- ئاي ئەتراپىدا بۇ ئايالنى يەنە ئاشۇ كامېرغا ئەكىردى. ئۇ ئايالنىڭ: "مېنىڭ بالام قېنى! بالامنى تېپىپ بەر، خائىنلار! ھۇ، مۇناپىقلار! ھۇ، فاشىست كومىنىستلار!" دەپ ۋاقىرىغىنىنى ئاڭلىدىم. ئۇ ئېلىشىپ قالغاندەكمۇ قىلاتتى. ئېلىشىپ قالمىغان بولسا بۇنداق گەپلەرنى قىلمايتى. تۆرت كۈن بولغاندا ئۇنىڭ جەسىدىنى كامېردىن ئاچىقىپ كەتتى.

3

مىجىت ھېلىم دېگەن ئاتۇشلۇق بىر سەبدىشىمىز باردى. بۇ ئادەم تۈركىيەدە ئوقۇغان ھېلىم ئەپەندىنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئاتۇشتا ئەھمەد كامال تەرىپىدىن ئېچىلغان مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن بىرى، مائارىپچى زىيالى ئىدى. خەلق پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى بولغان بۇ ئادەم 1953- يىلى 38- پولكنىڭ سىياسىي كومىسارى بولغان. 1966- يىل 8 - ئايدا تۈرمىگە كىرگەن. 1967- يىل 8- ئاينىڭ بىر كۈنى ئۇنىڭ يېنىغا 17 ياشلىق قاغىلىقلىق بىر قاتىلنى ئەكىرىپ قويۇپتۇ. بۇ قاتىلنى كوممۇنىستلار ھەر كۈنى "دۇمبالاپ" ئەكىرىپ قويىدىكەن، مىجىت ئەپەندىمنىڭ بۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپتۇ ـ دە، ئۇنىڭدىن: "سەن نىمە ئىش بىلەن كىرىپ قالغان ئىدىڭ؟" دەپ سورايدۇ. ئۇ مۇناپىق: "مەن بىر ئوقۇغۇچى ئىدىم، سەن ئوڭچىل، مەن سولچىل دېگەن گەپ بىلەن ئىككى تەرەپ ئۇرۇشۇپ، بىر ئادەم ئۆلۈپتۇ، بۇ ئادەمنى سەن ئۆلتۈردۈڭ دەپ ماڭا ئارتىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن تۈرمىگە كىرىپ قالدىم" دەپتۇ. بۇ ئەپەندىم ئۇنىڭغا تەسەللىي بەرمەكچى بولغانمۇ، يا بىردەم پاراڭ قىزىتىپ ئىچ پۇشقىنى چىقارماقچى بولغانمۇ، ئەيتاۋۇر: "بىزنىڭ

تەشكىلاتىمىز يېقىندا شىڭشىڭشانى تۇسىدۇ، جەنۇپ تەرەپتىن چىڭخەي - تىبەت ئېگىزلىكىنى تۇسىدۇ، شەرقىي تۈركىستاندا ھەممە ئادەم ئۇرۇشقا ئۆتىدۇ، ئورتا ئاسىيادىن 5 مىڭ ئادەم بىزگە ياردەمگە كېلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن خىتايدىن ئۈزۈل - كېسىل قۇتۇلىمىز، سەن ئۇ چاغدا مىللەتنىڭ قەھرىمانى بولىسەن، چىداپ تۇر“ دەپ تاشلاپتۇ. ئۇ قاتىلنىڭ ئېتى تۇنىياز ئىكەن. ئۇ قاتىل بۇ گەپلەرنى خىتايلارغا دېگەندىن كېيىن ساقچىلار ئۇ قاتىلنى باشقا ياتاققا يۆتكىۋەتكەن ئىكەن. ئاندىن كېيىن مىجىت ھېلىمنى ئاچىقىپ قايتا سوراق قىلىشقا باشلىغان. سوراقتا نېمە سورالدى، نېمە دەپ جاۋاپ بەردى، ماڭا نامەلۇم. ئەمما كېچە سائەت بىر ئەتراپىدا ۋارقىراپ كىردى.

— مەن 30 يىل ئىنقىلاپ قىلدىم، مېنىڭ نېمە گۇنايىم بار ئىكەن! — دەپ ۋارقىراۋاتاتتى. كېچىچە شۇ پېتى ۋاقىراپ چىقتى. ئىككى كۈندىن كېيىن ماڭا چۈشىنى ئېيتىپ بەردى: ”مەن ئات قوشمىغان بىر ھارۋىغا چىقىپ چۈشەپ قالدىم“ دېدى. 3- كۈنى: ”مەن بىر ماڭماس ئۇرۇق ئاتقا مىنىپ چۈشەپ قالدىم“ دېدى.

مېنىڭ بىر ئاز كۆڭلۈم غەش بولدى. ئۇنى بەكرەك قىيىنىۋەتكەن بولسا كېرەك، ئۇنىڭ سۆزلىرى ئانچە نورمال ئەمەس ئىدى، ئالتە كۈندىن كېيىن ئۇ ئۆلۈپ كەتتى. ئۆلۈكىنى جىنايەتچىلەر كۆتۈرۈپ ئاچىقىپ كەتتى. مەن ئىشىكنىڭ تۆشۈكىدىن ماراپ كۆردۈم.

## 4

1969- يىل 1- ئاي كېچە سائەت 1 ئەتراپى ئىدى. ساقچىلار ۋە ئەسكەرلەر كامىرلارنىڭ ئىشىكلىرىنى بىر- بىر ئاچىدۇ، تاقايدۇ، خۇددى ئاللىنېمىنى ئىزدەۋاتقاندەك قىلىشاتتى. ئاخىرى بىر ئۆيدىن قىيا- چىيا چىقىپ كەتتى. بۇ ۋاقت ھېزىموف تۈرمىگە كىرىپ ئىككى ئاي

بولغان ۋاقت ئىدى. ئۇ ئادەم ناھايىتى تەقۋا دىندار ئادەم ئىدى. بۇ ئادەم سوراقچىلارغا بوي بەرمىگەن ئادەم ئىدى. بۇ ئادەمنىڭ يېنىغا ئۆزىنىڭ قىزىغا باسقۇنچىلىق قىلغان بىر خىتاينى ئەكىرىپ قويغان ئىكەن. ھېزىمۇۋ ناماز ئوقۇش ئۈچۈن ئۇ خىتاينى ئۇياققا تۇر، بۇياققا تۇر دېگەنمىش. ئۇ خىتاي ھېزىمۇۋ ناماز ئوقۇۋاتقاندا تەرەت قىلىدىغان چىلەك بىلەن ھېزىمۇۋنىڭ بېشىغا بىرنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغانمىش. بۇ ئەمەلىيەتتە كوممۇنىستلارنىڭ قەستەن ئويدۇرۇپ چىقارغان سۇيقەستى ئىدى. ئاشكارە ئۆلۈم جازاسى بېرىشكە باھانىسى ئاز كەلگەندە خىتايلار ئەنە شۇنداق ئويدۇرما باھانىلار بىلەن ئادەم ئۆلتۈرەتتى. ”ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالدى“ دەپ يالغان نەق مەيدان ياسايدىغان ئىشلارمۇ ناھايىتى كۆپ ئۇچرايتى.

ھېزىمۇۋنىڭ ئۆلۈكىنىمۇ ئاچىقىپ كەتتى، ئائىلىسىگە بەرگەنمىش. ھېزىمۇۋ بىلەن مىجىت ئەپەندىنىڭ ئۆلۈكىنى جىنازىغا سېلىپ كۆتۈرىۋېلىپ، قەشقەر خەلقى كۆپ نامايىش قىپتۇ. شۇ ئايدا كۆپ ئېچىنىشلىق ئىشلار يۈز بېرىپتۇ.

## 5

1969- يىلى 2- ئايدا شەرقى تۈركىستان مىللى ئارمىسى 12- دېۋىزىيەنىڭ سابىق قوماندانى خەمىت ئارسلانوۋ تۈرمىگە ئەكىرىلدى. بۇ ئادەم ئارمىيەدىن ساختاكارلىق بىلەن قىسقارتىلىپ، مەمۇرىيەتكە چىقىرىلغان ۋە ساختا ئاپتونوم رايون چارۋىچىلىق نازارىتىنىڭ باش نازىرى بولغان ئىدى. 1957- يىلدىكى «چوڭ مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش، تېرىتورىيەلىك ئاپتونومىيە بېرىلمىسە خىتايلار چىقىپ كەتسۇن» دەپ ئېچىلغان يىغىندا سۆزلىگەنلىكى ئۈچۈن چارۋىچىلىق نازارىتىنىڭ نازىرلىقىدىن ئېلىپ تاشلاپ، مارالۋېشى ناھىيىسىدىكى چارۋا

پونكىتىنىڭ باشلىقلىقىغا چۈشۈرۈلگەن ئىكەن. ئۇ يەردە تەشكىلات ئۈيۈشتۇردى دېگەن گۇمان بىلەن قەشقەر ساقچى باشقارمىسىنىڭ تۈرمىسىگە ئەكىلىپ قامىدى. يېشى چوڭ بولغانلىقى، سوراق جەريانىدا قاتتىق ئۇرۇلگەنلىكتىن سەككىز كۈن تاماق يېمەي ئاچلىق ئېلان قىلدى. بۇ جەرياندا بۇ ئادەمنى تۈرمىنىڭ ھويلىسىغا ئاچىقىپ مىكرافون تۇختۇتۇپ سوراق قىلدى.

سوراقچىلار:

— سەن نەچچە يىللىق ئەكسىلئىنقىلاپچى؟ — دەپ سورىدى.

— مەن 25 ياشتا ئىنقىلاپقا قاتناشقان، ھازىر 60 ياشقا كىردىم، دېمەك 35 يىللىق ئىنقىلاپچى،— دېدى.

ئۇنى ساقچى نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، ساقچى باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى فاڭ سوراق قىلىۋاتاتتى.

فاڭ باشقارما باشلىقى:

— نىكولايv لېنىن ۋە ستالىنلارنى تۇتۇپ سوراق قىلغاندا ئۇلارغا قانداق مۇئامىلە قىلغان؟— دەپ سورىدى.

خەمىت ئارسلان:

— نىكولاي قوناقنى 50 گرادۇسلۇق ئىسسىقتا قىزىتقان، ئاندىن 30 گرادۇسلۇق سوغۇق شامالدا سوۋۇتۇپ بۇ قوناقنى توڭگۇزغا بەرگەن، بۇ قوناق توڭگۇزنىڭ ئارقىسىدىن پۈتۈن چىققان. بۇنى دوختۇرنىڭ پاختا قىسىدىغان قىسقۇچىدا قىسىپ تەردۈرۈپ، يۇدۇرۇپ ئېزىپ لېنىن بىلەن ستالىنغا كاپ ئەتكۈزۈپ يېگۈزگەن ئىكەنمىش، بۇنى مەن كوممۇنىستلارنىڭ چۆچەكلىرىدىن ئۇققان گەپ، توغرىمۇ خاتامۇ بىلمەيمەن، — دېدى.

— توغرا، بىز ساڭا قانداق مۇئامىلە قىلدۇق؟ ساڭا خىزمەت بەردۇق، ماشىنا بەردۇق، مۇھاپىزەتچى بەردۇق، ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن تۈرمىگە قامىدۇق. سەن يەنە نېمىگە نارازى بولۇپ تاماق

يېمەيسەن؟

خەمىت ئارسلان:

— مەن شەرقىي تۈركىستانلىق، ئۇيغۇر ئوغلىمەن، مەن سەددىچىنىنىڭ ئىچىدىكى خىتاي ئەمەسمەن، مەن ئۆز ۋەتىنىمگە سادىقمەن، ۋەتەنپەرۋەرمەن، سېنىڭ ۋەتىنىڭ مېنىڭ ۋەتىنىم ئەمەس، شۇڭا مېنى ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلدى، دېگىنىڭ كۈلكىلىك گەپ. ئەگەر مەن ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلغان بولسام سېنىڭ ئايىغىڭدا كۈچۈكلىنىپ يۈرگەن بولاتتىم، تۈرمىگە كىرمەيتىم. تاجاۋۇزچىلارنىڭ تۈرمىسىگە ئېزىلگۈچىلەرنىڭ ياخشى پەرزەنتلىرى كىرىدۇ، ۋەتەنپەرۋەرلىرى كىرىدۇ!...

بۇنداق گەپلەرگە چىداپ تۇرالمايدىغان خىتايلار ئۇنىڭ گېپىنى داۋاملاشتۇرۇشىغا يول قويماي قاتتىق ئۇرۇۋەتتى...

— پەقەت سورىغانغا جاۋاپ بەر، بۇ سېنىڭ نۇتۇق مۇنبىرىڭ ئەمەس، كومپارتىيىنىڭ دىكتاتور ئورگىنى! هۇ، خۇمپەر! — يالاقچىلارغا شۇنداق تاپىلىدى، — ئۇنىڭ بۇنداق سۆزلىشىگە يول قويۇلمىسۇن! چىشىنى چوقۇۋېتىش كېرەك! — دېدى.

— ... مېنى لېنىن بىلەن ستالىنلارغا ئوخشۇتۇپ مۇئامىلە قىلساڭ بولمايدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ تىلى بىر، دىنى بىر، ۋەتىنى بىر، ياشىغان تۇپرىقى بىر. مەن بولسام شەرقىي تۈركىستانلىق، ئىسلام دىنىدا ياشايمەن، دىنىم باشقا، تىلىم باشقا، يېزىقىم باشقا، مىللىتىم باشقا، خىتاي زېمىنىدا ياشىمايمەن، ئۆز زېمىنىمدا ياشايمەن. دادام ياكى ئانام خىتاي ئەمەس، ئاش بەرسەڭ خىتايدىن ئاچىقىپ بەرمەيسەن، شەرقىي تۈركىستانغا ئەكەلگەن مىليونلىغان خىتتىيگىنى بىزنىڭ ئاشلىق بىلەن بېقىۋاتىسەن، خىتايغا بىزنىڭ ئاشلىقنى توشۇۋاتىسەن. ئاق ناننى سەن، قارىسىنى مەن يېسەم قەتئىي رازى بولمايمەن! ...

يەنە گۈلدۈر ـ غالاپ ئاۋازلار. ئۇنى رەھىمسىز دۇمبالاش باشلاندى...

سوراقچىلار سوراقنى توختىتىپ، ئۇنى قارا ئۆيگە سولاپ قويدى، كېيىن ئۇنى مەيدانغا ئەكەتكەن ئىدى. كېيىن تۈرمىدىن قاچتى، دېگەن گەپ بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ.

## 6

مەن ئۈچىنجى كامېردا تۇردۇم، تۆرتىنجى كامېردا مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى تۇردى ئېلى تۇراتتى. بۇ ئادەم ئاقسۇ بەش تۈگمەنلىك بولۇپ، بۇرۇن تۇرپان ئىنقىلاۋىغا قاتناشقان ئىكەن. بۇ ئىنقىلاپنىڭ ئىككىنجى سىياسى كومىسارى بولغان ئىكەن. كوممۇنىستلار كەلگەندە "شىنجاڭ" ئىنىستىتوتىدا[1] مۇئەللىم ئىكەن. بۇ ئادەم خىتايلارنىڭ "ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە كېتىمىز" دېگەن ئىمزا قويۇش يىغىنىغا قاتناشقانلارنىڭ بىرى ئىكەن. شۇ چاغلاردا ئۇنۋېرستېتكە سادىروۋ مۇدىر بولغانىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا مىللى قىسىم زەمبىرەك پولكىنىڭ كومسارى بولغانىكەن. شۇ چاغدىكى مىللى كادىرلارنى ئىمتىهان بىلەن سىناش دولقۇنىدا مائارىپ مىنىستىرلىكىگە يۆتكەپ كەتتى. ئۇ چاغدا تۇردى ئېلى مائارىپ مىنىستىرلىكىدە ئىشلەيتى ۋە مەركىزي پارتىيە مەكتىپى تارىخ ـ جۇغراپىيە پاكولتىتىنىڭ مۇدىرى ئىدى. بۇ يىغىندىن كېيىن بۇ ئادەم خىتايلارغا يارىمىغاچقا ئۇرۇمچىگە قايتۇرىۋېتىلگەن ۋە "شىنجاڭ" مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى بولغان.

خىتايلار ۋەدىسىدە تۇرمىدى. يەنى ۋەتىنىمىز شەرقى تۈركىستاندىن چىقىپ كەتمەي، 1955- يىلى 10- ئاينىڭ 1- كۈنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونۇم رايونى» دېگەن ساختا ئاپتونومىيىنى بەرمەكچى بولدى. بۇنىڭغا

---

[1] "شىنجاڭ" ئىنىستىتوتى — هازىرقى "شىنجاڭ" ئۇنۋېرستېتىغا ئۆزگەرتىلگەن — م.

دۇنيادىكى بارلىق سوتسىيالىستىك دۆلەتلەردىن ۋەكىل چاقىردى. بۇ ئىشقا تۇردى ئېلى كۈچلۈكرەك نارازىلىق بىلدۈرگەن ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن خىتايلار بۇ ئادەمگە يوغان گۇنادىن بىرنى ئارتىپ (”مىللەتچى“ دەپ) ئۈرۈمچىدىن قەشقەرگە ھەيدەپ، مۇئاۋىن نازىر ۋە قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتوتىنىڭ مۇدىرى قىلىپ بېكىتتى. ئۇ بۇرۇن خەلق پارتىيىسىگە قاتناشقان بولۇپ، بۇ پارتىيەنىڭ قۇرغۇچىسى مەمتىمىن ئېمىنوۋ، تۇردى ئېلى مۇئاۋىنى ئىدى، ئۇ يەنە قوشۇمچە جەنۇبى بىيورونىڭ مۇدىرى بولغان.

ئۇنى 1968- يىل 8 ئايدا مەن بار تۈرمىگە ئەكىردى ۋە مېنىڭ يېنىمدىكى 4 - كامېرىغا قامىدى. ئۇنىڭ بويى ئىككى مېتىر ئون سانتىمېتىر كېلەتتى. شۇڭا ئۇ ئىككى مېتىرلىق كامىرغا پاتمىغاچقا ئۇ بۇلۇڭدىن بۇ بۇلۇڭغا پۈتىنى قىلىپ(قىيپاش ئۈزۈلۈپ) يېتىپتۇ،

سوراقچىلار بۇ ئادەمنى سوراق قىلغانىكەن، ئۇلارغا جاۋاپ بەرمەپتۇ. ”مەن ئازەم بىلەن تەڭ دەرىجىلىكلەر بىلەن سۆزلىشىمەن، مەركەزدىن ئادەم كەلسۇن“ دەپتۇ ۋە سوراقتا چىققىلى ئۇنىماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئادەمنى 4 جىنايەتچىنى باشلاپ كىرىپ، ئىتىنىڭ ئۆلىكىنى سۆرىگەندەك سۆرەپ سوراقتا ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

دۇمبىسى يېغىر بولۇپ، بېشىنىڭ تۈكى قالماپتۇ. سوراقتا جاۋاپ بەرمىگەنمۇ قانداق يەنە سۆرەپ ئەكىرىپ قويىدى. ئادەتتە بىر كۈندە ئىككى موما بېرەتتى، ئەمما بۇ ئادەمگە 6 ئايغىچە كۈندە بىر موما بەردى. 6 ئايدىن كېيىن بۇ ئادەم قوپالمايدىغان، ئۆمىلەپ ماڭىدىغان بولۇپ قالدى. 1972 ـ يىلى 22 يىللىق كېسىپ يەكەندىكى لاگىرغا ئېلىپ كەتتى.

ئابلايوۋ ئېمىن: بۇ ئادەم مىللىي ئارمىيە 13- دېۋىزىيە قوماندانى مەتىمىن ئېمىنوۋنىڭ مەخسۇس كاتىپى ۋە مەسلىھەتچىسى. ئۇ 1968- يىلى قاماققا ئېلىنغان. مەتىمىن ئېمىنوۋ ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كەتكەندە بۇ ئادەم جەنۇبى "شىنجاڭ"(شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىنى دېمەكچى) ھەربى رايونى ھەربى قورال - ياراغ بىلەن تەمىنلەش بۆلۈمىنىڭ خىزمىتىنى ئىشلىگەن. ئاخۇنوۋ باشچىلىقىدىكى شەرقىي تۈركىستان قوراللىق تەشكىلاتىغا قورال- ياراق يەتكۈزۈپ بەرمەكچى بولۇپسەن دەپ قاماپ، سوراق قىلغاندا ئەينەكنى چېقىپ، ئەينەك پارچىلىرى ئۈستىدە يالىڭاچ ئولتۇرغۇزۇپ، ئەينەك قىرىندىلىرى ئۈستىدە يالىڭاچ يۇمۇلاتقان ئىكەن. مەن بىلەن ياتقاندا مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ئىدىم. بەدەنلىرىنىڭ ھەممە يېرى قاتتىق مونەكچىلەر، تۇشۇك - تۇشۇك تاتۇقلار بىلەن توشۇپ كەتكەن ئىكەن. ھەم سوغۇق چاغدا يالىڭاچ قىلىپ ئېسىپ قويغاچقا يۈرەككە تەسىر يېتىپ، كېچە- كۈندۈز يۆتۈلۈپ، مېڭىپ يۈرەتتى. ئاخىر ھېرىپ، ھۇشسىزلىنىپ يىقىلىدۇ- دە، يېرىم سائەت ئۇخلايتى. بەدەنلىرىنىڭ بەزى يەرلىرىدىن قان- يىرىڭ چىقىپ تۇراتتى. شۇ ئازاپلاردىن كېيىن تۆرت ئاي بولغاندا ئاغزىدىن قان كېلىپ ئۆلۈپ كەتتى.

## 8

شۇ يىلى ئىككىنچى ئايدا ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قادىر ساۋۇتنى مەكتىتىكى خىزمەت ئۆتەۋاتقان يېرىدىن تۇتۇپ كەلدى. قەشقەر ساقچى باشقارمىسىنىڭ ئىچىدىكى ۋە جانقورغاندىكى[1] ئۆيىنى ئاختۇرۇپتۇ. سوراقتا:

[1] قەشقەردىكى بىر مەھەللە ــ م.

— سەن سىياسى جىنايەتچىلەرگە قورال تارقىتىپسەن، جىنايەتچىلەرنى بىزگە قارشى تەربىيەلەپسەن، دەپتۇ. بۇ ئادەم ئىمىنوۋ رەئىس ۋاقتىدا پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى ۋە تەشكىلات سېكرېتارى ئىدى. ئۇنى ئىمىنوۋ ئايرىم پىلان بىلەن ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئىدارىسىغا باشلىق قىلىپ يۆتكىگەن ئىكەن. ئۇ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئىدارىسىغا باشقارما باشلىقى بولغاندىن كېيىن ھەممە يەرگە بېرىپ، خىتايلارنىڭ مەھبۇسلارغا قىلغان مۇئامىلىسىنى كۆرىدۇ، 5000 دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ ئېغىر ئەمگەك بىلەن ئۆلگەنلىكىنى، 15000 مىڭ ئادەمنىڭ سېسىپ ياتقانلىقىنى بىلىدۇ، ئاندىن مەركەزدىن تەستىق ئېلىپ جىنايەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلايدۇ ۋە تۈرمە ئىچىدە «بوران» تەشكىلاتى دېگەن تەشكىلاتنى قۇرىدۇ. ئۆيىنى ئاختۇرغاندا ئايالى پاش قىلىپ قويۇپ، شۇنىڭ بىلەن تۈرمىگە ئېلىنغان ئىكەن. بۇ ئادەمگە سوراقچىلار:

— مەسىلەڭنى تاپشۇر، — دېگەندە، بۇ ئادەم:

— ساڭا دەيدىغان ھېچقانداق جىنايىتىم يوق، دەيدىغان گېپىم بولغان تەقدىردىمۇ سەنلەرگە دېمەيمەن، — دەپتۇ. ئۇلار:

— كىمگە دەيسەن؟ — دېگەندە، ئۇ:

— شەرقى تۈركىستان ئازات بولغاندا، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ب م ت[1] تەرىپىدىن سوتقا تارتىلىدۇ، شۇ چاغدا خەلقئارا سودقا دەيمەن، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن بۇ ئادەمنى ئۇر- ئۇر قىلىپ ئىككى پۇتىنى يوتىسىدىن چېقىپ تاشلىۋەتتى. بىر يىل دوختۇرخانىدا گېپىسقا ئالسىمۇ پۇتى تۇتماي، تەرىتىگە ئۆزى چىقالماي جىنايەتچىلەر خەۋەر

---

[1] ب م ت — بىرلەشكەن مىللەتلەر تەشكىلاتى (بۇ ئاتالغۇ شەرقىي تۈركىستاندا ۋە خىتايدا «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى» دەپ نا توغرا قوللىنىلىدۇ) — م.

ئالاتتى. ئۇنىڭ تەرتىنى تۆكۈش باشقا ئادەمگىمۇ ئېغىر كېلىدىغان بولغاچقا، جىنايەتچىلەر تەرەت قاچىسىنى ئالغىچە بىر، تۆكۈپ كېلىپ بىر قېتىم بۇ بىچارە ئادەمگە ئازار قىلىپ، ”مەينەتلىرىڭنى خەققە ئادالىتىپ، سېسىپ ياتقىچە بالدۇرراق ئۆلسەڭ بولمامدۇ، ئۆلۈم ياراتمىغان!“ دېگەندەك گەپلەر بىلەن تىللايدىكەن. ھەتتا بەزى جىنايەتچىلەر نوقۇپ، چىمداپ ئاچچىقىنى چىقىرىۋالىدىكەن. مانا بۇنداق ئازاپلار بىر ئىنقىلاپچىغا دۈشمەننىڭ مىڭ قېتىملاپ ئۇرغىنىدىنمۇ بەكرەك ئېغىر كېلەتتى.

ئاخىر بۇ ئادەمنى ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئېتىشقا ھۆكۈم قىلىپ، كېرىيە بىلەن نىيە ئارىلىقىدا دۈڭخۇاڭغا ماڭىدىغان يولنىڭ بويىدىكى ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنى قامايدىغان «تاراش» دېگەن مەيدانغا ئېلىپ كەتكەن ئىدى.

## 9

1970- يىلى 3- ئاينىڭ 20- كۈنى راشىدىن مۇفتى ئاخۇنۇمنىڭ ئوغلى ئابلىمىت راشىدىننى مەن ياتقان 3- كامىرغا ئەكىرىپ قويدى. مەن كامېردا پېشىن ئوقۇپ ئولتۇراتتىم، ئۇنى ئەكىردى. ئۇنىڭغا 24 سائەتلىك تامىقىنى بەرمىدى. ئەتىسى تاماق بەردى. بۇ 24 سائەت ئىچىدە ئۇ ماڭا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. ئۇ ئاچ قالغانلىقتىن مەن بۇ ئادەمگە قاتتىق- قۇرۇق نانلارنى چايغا چىلاپ، ”مانى ئىچىسىلە“ دەپ بەردىم. ئاندىن:

— ئۆزلىرى قەيەردىن؟— دەپ سورۇدۇم. ئۇ ئادەم:

— مەن ساڭا گەپ قىلمايمەن، ساقچىلار شۇنداق تاپىلىغان، — دېدى.

— نىمە ئۈچۈن؟

— ساقچىلار بۇ ئادەم بەش ئادەمنى ئۆلتۈرىۋەتكەن قاتىل، ئۇنىڭغا گەپ قىلساڭ سېنىمۇ ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا گەپ قىلما دېگەن ئىدى، شۇڭا مەن سەندىن قورقۇپ گەپ قىلمىدىم.

— بەش ئادەمنى ئۆلتۈرگەن ئادەمنى 10 يىل ساقلامدۇ؟

— توۋا، مەن بىلمىگەندىن كېيىن مۇشۇنداق قىلىپتىمەن ـ دە.

ئاندىن كېيىن ئىككىمىز تونۇشتۇق. ئىككىمىز بىر يولدىكى ئادەملەر ئىكەنمىز. يەنى ئۇ ئىسلام پارتىيىسىدىن، مەن خەلق پارتىيىسىدىن چىقىپ قالدۇق، ھەر ئىككىمىز خىتايغا قارشى، ۋەتەن ئازاتلىقى ئۈچۈن كۆرەش قىلىدىغان ئىنقىلابچى بولغىنىمىز ئۈچۈن تېزلا سىرداش بولۇپ كەتتۇق. ئەسلىدە بۇ ئادەمگىمۇ 1968- يىلى تۇتۇش بۇيرىقى چىقارغان ئىكەن. ئىككى يىل مۆكۈپ يۈرگەن ئىكەن. يەنى ئۈرۈمچى، قاراماي، قەشقەر تەرەپلەردە تۇرۇپتۇ. بۇ جايلاردىكى تۇققانلارنىڭ ئۆيىگە كەلسە، "سېنى تۇتۇشقا بۇيرۇق چىقاردى، سەن بىزنىڭ ئۆيگە كىرمە" دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قارا ماشىنىدا قەشقەرگە قايتىپ كېتىپتۇ- دە، ئۆستەڭبويىدىكى ئوسمان ھاجى ئىشاننىڭ بالىسى مەمەت ساۋۇتنىڭ ئۆستەڭبويىدىكى تېۋىپلىق قىلىدىغان دوكىنىغا چۈشۈپتۇ. بۇ مەمەت ساۋۇت دېگەن ئەبلەخ ئەسلىدە جەنۇبى "شىنجاڭ" ھەربى رايون قوغداش باشقارمىسىغا، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئامانلىق باشقارمىسىغا ئىشلەيدىغان مۇناپىق ئىكەن. ئابلىمىت راشىدىن بۇرۇن بۇ مۇناپىق بىلەن قەشقەردە ھاشىم داموللىدا بىللە ئوقۇغان ئىكەن. شۇ سەۋەپتىن تۇتۇلۇپ قاپتۇ. مەن زېرىكىشلىك تۈرمە ھاياتىمىزغا بىر ئەمەك قىلىش ئۈچۈن ئۇنى تۇتۇلۇپ قېلىش جەريانىنى تەپسىلى سۆزلەپ بېرىشكە ئۈندىدىم.

— مەن ئۈرۈمچىدىن شام ئەتراپىدا كەلگەن ئىدىم. كېلىپلا بۇ مۇناپىقنىڭ تېۋىپخانىسىغا چۈشتۈم، ئۇ، "ۋاي، قانداق ئەھۋاللىرى؟" دەپ ياخشى كۈتىۋالدى، ئۇ ئاخشىمى ئۇ: "نەگە باردىلا؟ نەدە تۇردىلا؟" دەپ ياخشى ئەھۋال سورىدى. مەن ئۇنىڭغا، بارغان ۋە تۇرغان يەرلەرنى ئېيتىپ

بەردىم. مەن يەنە ئۇنىڭغا: ”يېنىمدا 2000 يۈەن پۇل، 500 مىڭ مېتىر رەخ بېلىتى، 50 مىڭ كىلو ئاشلىق بېلىتى، ئون ئۈچ يېرىم سە نەخ ئالتۇن بار، بۇلارنى قەيەردە قويارمەن“ دېدىم. ئۇ: ”مانا ماۋۇ كۇپتە قويسىلا، لازىم بولىدىغان ۋاقىتتىچە مەن ساقلاپ بېرەي“ دېدى. مەن 100 كىلو ئۇن، 100 كىلو گۈرۈچ ئالغاچ كەلگەن ئىدىم. ئەتىسى بىر كىلو ئۇنغا نان تېگىشتۇق، ئۇ ماڭا چاي دەملىدى. چاي ئىچىپ ئولتۇرساق، كۈيئوغلۇم كەلدى، چۈنكى مەن قاراشەھەرگە كەلگەندە تېلېفون بەرگەن ئىدىم. كۈيئوغلۇم ماڭا: ”ۋاي دادا، مەن سىلە تېلېفون بەرگەندىن كېيىن كۆكياردىكى ۋاخان تاجىكلىرى بىلەن ئۆزلىرىگە جاي راسلىدۇق“ دېدى. ئۇنىڭغىمۇ بۇ مۇناپىق: ”ۋاي بالام قانداق گەپ بولسا دەۋەرسىلە، چۈنكى بىز دېگەن ئۆز ئادەم“ دەپ تۇراتتى. كۈيئوغلۇم يەنە: ”ئۆزلىرىگە تەييارلاپ ئالغاچ كەلگەن يېمەك- ئىچمەك ۋە قۇربانلىق گوشلىرى دەڭدە قالغان ئىدى، مەن بېرىپ ئۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلەي“ دېدى- دە، چىقىپ كەتتى. ئاندىن ئۆي ئىگىسى بولغان بۇ مۇناپىق: ”بۈگۈن بالدۇرراق مەسجىدكە چىقىپ، نامازنى مەسجىدتە ئوقۇساق“ دېدى. مەن ماقۇل بولدۇم. ئاندىن مەسجىدكە ماڭدۇق. مەسجىدكە يېقىن كەلگەندە ئۇ: ”مەن تەرەت ئېلىۋالاي“ دەپ خالا تەرەپكە كەتتى. مەن مەسجىدكە كىرىپ كەتتىم. ناماز ئوقۇدۇم، مەيت نامىزى ئوقۇدۇم، ئاندىن ئۆستەڭبويى تەرەپتىكى دەرۋازىدىن چىقىپ ماڭدىم. يولنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى — كونا بانكىنىڭ ئالدىدىكى گوداڭ كوچىغا كەلگەندە، ئارقا تەرىپىمدە ئىككى ئەسكەر پەيدا بولۇپ: ”ماڭ بۇ تەرەپكە!“ دەپ كوچىغا ئىتتىردى. ئالدىم تەرەپتىن ئىككى ئەسكەر كەلدى ـ دە، ”كۆتەر قولۇڭنى!“ دەپ تاپانچا تەڭلەپ، قولۇمغا كويزا سالدى. مەن ئۇلارغا ”بىر نەرسىلىرىم بار ئىدى، ئېلىۋالسام“ دېدىم. كۆرپە ۋە جۇۋىلىرىمنى ئېلىۋېلىپ تۈرمىگە كەلدىم. بولغان ئەھۋال مانا مۇشۇ، — دېدى.

ئىككى كۈندىن كېيىن سوراققا ئاچىقىپ كەتتى. سوراقتا: ”سەن

شەرقىي تۈركىستان دۆلەت لاھىيەسىنى قايتا تۈزىتىش قىلىپ بېرىپسەن، بۇ لاھىيەنىڭ تەپسىلاتىنى سۆزلە!“ دەپ ئۇنى قاتتىق قىستاپتۇ. ئۇ: ”مەن بىلمەيمەن، مەن ئۇنداق ئىش قىلمىدىم“ دەپتۇ.

سوراقچىلار: ”ئەھمەت زىيائى ئىبارەت ئوقۇپتۇ[1]، سەن تەرجىمە قىپسەن، سەن ئىبارەت ئوقۇپسەن، ئۇ تەرجىمە قىپتۇ، شۇنداق قىلىپ ئىككىڭ ھەر يەرلەردە سۆزلەپ يۈرۈپسەن، بۇنى سۆزلە“ دەپتۇ. ئۇ: ”بىلمەيمەن، مەن ئۇنداق قىلمىدىم“ دەپتۇ.

سوراقچىلار: ”سەن دۆلەت لاھىيەسىنى بەشكىرەمدە ئابلەتنىڭ ئۆيىدە يېزىپسەن، بۇنى سۆزلە“ دەپتۇ.

ئۇنى ئىككى كۈندىن كېيىن يەنە سوراققا ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئۇ يەنە ”بىلمەيمەن“ دېگەندىن كېيىن، كالتەككە ئولتۇرغۇزۇپتۇ، پۇتىنىڭ ۋە قولىنىڭ تىرناقلىرىغا يىڭنە تىقىپتۇ، بۇرنىدىن قىزىلمۇچ سۈيى قۇيۇپتۇ، زەكىرىنىڭ تۆشۈكىدىن ئىنچىكە سىم تىقىپ، توك بىلەن ئازاپلاپتۇ... كۆزلىرىنىڭ چاناقلىرىدىن قان كەلگەن ھالدا ئەكىرىپ تاشلاپ قويدى. بۇ ھالەتتە ئۇ 10 كۈن مىدىرلىيالمىدى. ئۇنىڭ تەرىتىنى مەن تۇشۇدۇم. ھەتتا مومىنى يىگىدەكمۇ مادارى بولمىغىنى، ياڭاقلىرىنى مىدىرلاتسا بەك ئاغرىيدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن بەرگەن نانلارنى ئۇماچ قىلىپ ئاغزىغا قۇيۇپ قوياتتىم، شۇندىمۇ ئاران يۇتاتتى. ئاساسەن بىھۇش دېگۈدەك بىر ھالدا ياتاتتى. ئۇنىڭغا يۈرىكىم ئېچىشىپ كۆزلىرىمدىن ياش توختىمايتى. مەن گۇندىپايلارغا بۇ ئادەمنىڭ كېسىلىنى، پىت بېسىپ كەتكەنلىكىنى ۋە باشقا ئۆيگە يۆتكەش ئارقىلىق بۇ مەينەتچىلىكتىن قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلدىم. بىزنى 2- ئۆيگە يۆتكەپ قويدى. ئۇ ئادەمنىڭ پىت بېسىپ كەتكەن كېيىم- كېچەكلىرىنى ۋە

---

[1] ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ ئەسلىسى، ئەرەپ تىلى بويىچە ئوقۇلىشىنى دېمەكچى. بۇ ”ئىبارە“ سۆزى بىلەن تومۇرداش بولۇپ، سۈپەت سۆزى ئەمەس —— م.

يوتقانلىرىنى تاشلىۋەتتۇق. 10 كۈن بولغاندا 3- ئۆيىنى تازىلاپ يەنە شۇ ئۆيگە ئاچىقىپ قويدى. مەن بۇ ئادەمگە ئەھمەت زىيائىنىڭ بارلىقىنى ئۇقتۇردۇم. بۇ ئىككى ئادەم ئەرەپچە پاراڭلىشىپ تۇراتتى. ساقچىلار بۇ ئادەمگە مەسىلەڭنى يېزىپ تاپشۇر، دەپ ئىككى قەلەم، بىر توپ قەغەز، ئىككى قۇتا رەڭ ئەكىرىپ بەردى. ۋە: "سەن داداڭنىڭ ۋەقەلىكىنى ۋە ئۆزەڭنىڭ ۋەقەلىكىنى، يەنى ئەڭ ئاز بولغاندا بىر تەشكىلاتنى پاش قىلىسەن ياكى ئون ئىككى تەشكىلاتنىڭ ھەممىسىنى پاش قىلىسەن، قەشقەردە 20 نەچچە يەردە تەبلىغ قىلىپ مەجلىس ئاچقان، بۇنى يازىسەن" دېدى.

بۇ ئادەم ھەر كۈنى خەت يازاتتى. 20ـ 30 ۋاراق بولغاندا كونۋېرت ئارقىلىق "ماۋزېدۇڭغا تېگىدۇ" دەپ بېرەتتى. مەن ئۇنىڭدىن: "نىمە يازدىلا" دەپ سورىسام، ئۇ: "ماۋزېدۇڭغا خەت يازدىم، خەتنى ماۋزېدۇڭ ئوقۇپ، مەن بىلەن كۆرىشىدۇ" دەيتتى. مەن ئۇنىڭغا: "ماۋزېدۇڭ سىلىدەك جىنايەتچى بىلەن كۆرۈشمەيدۇ، يازمىسىلا "دېسەم، ئۇ ئۇنىمىدى. خەت يېزىپ، "ماۋزېدۇڭغا تېگىدۇ" دەپ ئەۋەتىۋەردى. مۇشۇنداق خەت يېزىش ئىشى تۆرت يىل داۋام قىلدى. ئويلايمەنكى ئۇ شۇ چاغلاردىلا ئەقلي نورمالسىزلىقا گىرىپتار قىلىنغان بولسا كېرەك. بىر كۈنى يەنى 1974- يىلى سوراقچىلار گۈلدۈرلەپ كىرىپ تالاغا ئاچىقىپ: "سەن ماۋزېدۇڭنى زاڭلىق قىلىپسەن" دەپ مېنىمۇ، ئۇنىمۇ تازا دۇمبالىدى. ئۇ بۇرادەرنى ھويلىغا ئاچىقىپ قاردا تۆرت سائەت توختۇتۇپ قويۇپتۇ، پۇتى ۋە قولى ئۇششۇپ قاپتۇ. يازدا يىرىڭدايدىكەن، قىشتا ئىششىيدىكەن. كېيىن ئۇنى يېنىمدىكى كامېرغا ئەكىرىپ سولاپ قويدى. ئۇ ماڭا: "سەن خەت يازما دېسەڭ ئۇنىماپتىمەن، سەن توغرا سۆزلەپتىكەنسەن، ماڭا كۆيۈنۈپتىكەنسەن، مەن بىلمەپتىمەن، سەن ئەۋلىيا ئىكەنسەن، مەن تووۋا قىلدىم" دەپ تووۋلاپ سۆزلەپ كەتتى. شۇ يىلى ئۇنى 20 يىللىق كېسىپ مەيدانغا ئېلىپ كەتتى. ئۇ 1982- يىلغا

قەدەر باغ ساقلىغان، دوختۇرلار ئۇنى يۈرەك كېسىلى دەپ دىئاگنوز قويغاچقا، ئۇنى دوختۇرخانىغا كېپىلگە بېرىپتۇ. داۋالانغىلى خوتەنگە ئەۋەتىپتۇ، ئۇنى تۇرمىنىڭ گۇندىپايلىرى نازارەت قىلىدىكەن. خوتەنگە بارغاندىن كېيىن تونۇش - بىلىشلەر كۆپ بولغانلىقتىن خىتايلار چىداپ تۇرۇپ بولالماي، قەشقەردە داۋالىنىش ئۈچۈن ئەۋەتىۋېتىپتۇ. قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن جورى داموللىنىڭ بالىسى ئېلى قارى ماڭا: "سىلە بىلەن كامىرداش بولۇپ ياتقان ئابلىمىت راشىدىن قەشقەرگە كەلدى، مەن ئۆيۈمدە مېھمان قىلدىم، ھازىر دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتىدۇ" دەپ ماڭا خەۋەر قىلدى. مەنمۇ ئۇ چاغدا تۈرمىدىن يېڭى چىققاچقا 4 - 5 نان، ئازراق ئەنجۈر مۇرابباسى ئېلىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى باردىم. يېنىدا خوتۈنى بار ئىكەن. مەن ياتىقىغا كىرسەم ئۇ مېنى تونىماي، "ئابلىز داموللا چىقىپتۇ!" دەپ ۋاقىراپ تووۋلاپ كەتتى. مەن تونۇشلۇق بەرگەندىن كېيىن ئاندىن تونىدى. ئاندىن ماڭا: "مەن مەمەت ساۋۇت دېگەن مۇناپىقنى چاقىرتتىم، ئۇنىڭغا: 'نەخ پۇل، ئاشلىق بېلىتى، رەخ بېلىتى، ئالتۇن قاتارلىق ھەممە نەرسىنى تاپشۇرۇپ بەرگىن' دېسەم، ئۇ مۇناپىق ھەممىدىن تېنىۋالدى ۋە : 'سېنى تۇتۇپ كەتكەن كۈنى ئەسكەرلەر ھەممە نەرسەڭنى ئاچىقىپ كەتكەن' دەپ يالغان سۆزلىدى" دېدى. گەپ - سۆز تۈگىگەندىن كېيىن مەن ئۇنىڭ يېنىدىن يېنىپ چىقتىم. 3 كۈندىن كېيىن يەنە ھېلىقى ئېلى قارى قېشىمغا كېلىپ: "مەمەت ساۋۇت دېگەن مۇناپىق ئىككى ساقچىنى باشلاپ چىقىپ ئابلىمىت راشىدىننىڭ مېڭىسىگە ئۇرۇۋېتىپتىكەن، ئابلىمىت راشىدىن ساراڭ بولۇپ قاپتۇ، دوختۇرلار 'بىز ساراڭنى داۋالىمايمىز' دەپ ھەيدەپ چىقىرىپتۇ، ئۇ ئادەم ھازىر قارقى دەرۋازىدىكى ئابلىز بېدىچى دېگەننىڭ سارىيىدا ئىكەن" دېدى. مەن ناماز شامنى ئوقۇپ شۇ سارايغا كەلدىم. يېنىدا بىر ئىنىسى ۋە ئايالى بار ئىكەن. ئۇلار ماڭا: "بىز تېخى شام ئوقۇمۇدۇق، بىز ئوقۇۋالايلى، سىلە ئاكامغا قاراپ تۇرسىلا" دېدى. مەن ماقۇل بولدۇم. ئابلىمىت

راشىدىن مەن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئىككى مىنۇت ئۆتكەندە ياقامنى سىقىپ: ”سەن مېنىڭ مال- مۈلكۈمنى ئېلىۋالغان مەمەت ساۋۇت دېگەن مۇناپىقسەن! مال - مۈلكۈمنى بەر!“ دەپ ۋاقىراپ كەتتى ۋە تەستىكىمگە ئىككىنى قويىۋېدى، ئاغزى - بۇرنۇمدىن قان كېپكەتتى. ئاندىن لامپىغا ئېسىلدى - دە، لامپا سۇنۇپ ھەممە يەرنىڭ توكى كەتتى. سارايۋەن يۈگۈرۈپ كىردى ۋە ئابلىمىت راشىدىننىڭ ئايالىغا خەۋەر قىلدى. ئايالى كىرىپ: ”ۋاي نىمانداق قىلىلا، بۇ ئۆزلىرىنىڭ قىيامەتلىك ئاغىنىلىرى“ دېدى. ئابلىمىت راشىدىن: ”بۇ مەمەت ساۋۇت ئەمەسمۇ؟“ دېدى. ئۇلار: ”ياق“ دېدى. ئۇ: ”ۋاي مەن توۋا قىلدىم“ دەپ بېشىغا ئەدىيالنى ئارتىپ يېتىۋالدى. مەن ئايالىغا: ”سىلەر كەتسەڭلار بولمامدۇ؟“ دېسەم، ئايالى: ”كېتەيلى دەپ بېكەتكە چىققان ئىدۇق، شوپۇرلار ’ساراڭنى ماشىنىغا ئالمايمىز‘ دەپ ماشىنىغا چىقارمىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن كېتەلمىدۇق“ دېدى. مەن ئۇلارغا: ”ئەتە سەھەردە تەييارلىنىڭلار، مەن ھەرقانداق شوپۇرنى تونۇيمەن، مەن بېكەتتە ئىشلىگەن، ئەتە مەن سىلەرنى يولغا سېلىپ قوياي“ دېدىم. مەن ئۆيگە قايتىپ بارسام ئۆيدىكىلەر: ”سېنى كىم ئۇردى؟ كىم بولسا، بىز ئۇنىڭغا تېتىيمىز“ دەپ تۇرىۋالدى. مەن ئۇلارغا يىقىلىپ چۈشتۇم دەپ يالغان سۆزلىدىم. كېچىچە شاپىلاقنىڭ دەردىدىن قولۇۇقۇم غوڭۇلداپ ئاران تاڭ ئاتقۇزدۇم. سەھەردە ھېلىقى دەڭگە ئىككى بالام بىلەن بىللە قول ھارۋامنى ئېلىپ باردىم. ئابلىمىت راشىدىننى ھارۋىغا سېلىپ بېكەتكە ئاپاردۇق. قاغىلىق ماشىنىسىغا سېلىپ قويدۇق، كەتتى.

بىرىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۆلۈپ كېتىپتۇ.

## 10

يەنە تۇرمە كەچمىشىمىزگە قايتىمەن:

ئۈنىڭدىن كېيىن بىر كېچىدە مېنىڭ يان تەرىپىمدىكى كامېرغا ئادەم ئەكىردى، ئۇ كۈنى قار ياغقان ئىدى. قار ، يامغۇر ياغقاندا ئەسكەرلەر تام تۆپىدە ماڭماي پوتەيدە تۇراتتى. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆز ـ ئارا سۆزلىشىۋالاتتۇق.

— كىم كىردى! — دەپ توۋلىدىم مەن.

بىر يېرىم مېتىر كېلىدىغان بىر ئۆيگە سىيىتنىيازنى (بۇ ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئېتىشقا ھۆكۈم قىلىنغان ئادەم بولۇپ، بۇرۇن ساقچى باشقارمىسى تەرگەۋ بۆلۈمىنىڭ كادىرى ئىدى)، ئەمەتجان مەخسۇمنى، ئارتىس ئەخەتنى سولاپ قويۇپتۇ. ئەمەتخان مەخسۇم بىزنىڭ تەشكىلاتنىڭ ئەزاسى ۋە كىنو خانىنىڭ مىخانىكى ئىدى. ئۇ ئۆزى ياسىغان يەرلىك رادىيو ئىستانسىدا "شەرقى تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى بىر ئايدىن كېيىن ئىلان قىلىمىز" دەپ سۆزلەپ يۈرگەنىكەن. ئارتىس ئەخەتنىڭ نېمە ئۈچۈن كىرگەنلىكىنى سورىسام، ئۇ:

—ئوڭچىلار بىلەن سولچىلار ئۇرۇشقان چاغدا بىر خىتاي ئۆلگەن ئىكەن، مەن بۇ خىتايغا مۇنداق قوشاق قېتىپ "يىغلىغان" ئىدىم:

ۋاي قېرىنداشىم!

مىڭلاپ كەلگەن قېرىنداشىم!

بىرلەپ ئۆلدۈڭ قېرىنداشىم!

بىرلەپ ئۆلۈپ قاچان تۈگەرسەن، قېرىنداشىم!

مەن كۆزۈمگە لازا سۈرتىۋېلىپ مۇشۇنداق يىغلىسام، خىتايلار خوشال بولۇپ مېنىڭ مائېشىمنى ئۆستۈرۈپ بەرگەن ئىدى. بىراق، بىر مۇناپىق مېنىڭ بۇ قوشىقىمنى خىتايلارغا چۈشەندۈرۈپ خەت يېزىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مېنى مۇشۇ يەرگە ئەكىرىپ قويدى، —دېدى.

****

ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئىجادىيەتچىسى شاكىرمۇ مۇشۇ يىلى تۈرمىگە كىردى. ئۇ قوشۇمچە ھەيكەلتاراش ئىكەن، ئۇ چاغدا ھەممە ئادەم ماۋنىڭ ھەيكىلىنى چوڭ بىلىپ بىردىن كۆتۈرۈۋالار ئىكەن، بىر يەردە توسۇلۇپ قالسا ئۇزۇندە ئوقۇپ بېرەتتى ۋە ماۋنىڭ ھەيكىلىگە تازىم قىلىپ رۇخسەت سورايتتى. بۇنىڭ ھەيكەلتاراشلىقتا ئىككى نەپەر شاگىرتى بار ئىكەن، بىر كۈنى پاخالنىڭ ئۈستىگە گەج سۇۋاپ ماۋنىڭ ھەيكىلىنى ياساپتۇ. ئازغىنا تۇرۇپ ئۇ ھەيكەل قۇرۇغاندىن كېيىن شاگىرتىغا: ”ماۋۇ پوۋەكنىڭ قوڭىدىكى پاخالنى تارتىۋەت“ دەپتۇ، بۇ ئىككى دانە مۇناپىق شاگىرت بۇنى خىتايلارغا چېقىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ماۋزېدوڭغا ھاقارەت قىلغان جىنايەتچى بولۇپ،تۈرمىگە ئەكىرىپ قويغانىكەن. بۇ زۇلۇمغا چىدىيالماي ئاچلىق ئىلان قىلدى، ئاخىردا خىتايلار توككا تۇتقۇزۇپ ئۆلتۈرىۋەتتى.

****

ئابدۇرېھىم پېتەك —ساقچى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولغان، كېيىن جەنۇبى ”شىنجاڭ“ مەمۇرى مەھكىمىنىڭ باش باشقارما باشلىقلىقىغا ئالماشتۇرۇلغان. ئۇنىڭغا ”مىللەتچى“لىك جىنايىتى ئارتىپ ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىغان، يەنى قەشقەردىكى بەش مىللەتچى (ئابدۇرېھىم پىتەك، ئابدۇرېھىم ئەيىۇپ، ئابلىز ئەبەيدۇللاھ، ئۆمەر سەلەي، تۇردىيۇفلار)نىڭ چوڭى دەپ قاماققا ئالغان ئىكەن. سوراقتا ياخشى جاۋاپ بەرمىدىڭ دەپ كېچىدە كىرىپ ئۇرۇپ بىر كۆزىنى قارىغۇ قىلىپ، بېشىنى يېرىۋېتىپتۇ. مانا شۇنداق قىلىپ ئاخىرى تۈرمىدىن چىقماي تاياق ۋە قىيناق دەستىدىن ئۆلۈپ كەتتى.

ئاندىن ۋالى ئېمىنوۇف ھامۇتنىمۇ شۇ كېچىدە ئۇرۇۋۇپتۇ ۋە پۇت قوللىرىنى سۇندۇرۇپ تاشلاپتۇ.

# ھايۋاننىڭمۇ ئەك پەسەندسى

شۇنداق بىر يىركىنىشلىك ۋاقە خاتىرەمدە تۇرۇپتۇ. بۇ ۋاقەنى ئالاھىدە خاتىرىلىشىم بۇ ئارقىلىق خىتايلارنىڭ قانچىلىك ياۋايى، يىرتقۇچ تەبىئەت ئىكەنلىكىنى ئىسپات قىلماق ئۈچۈندۇر.

بۇ 1971- يىلى بولسا كېرەك، ئابلىمىت راشىدىن بىلەن بىللە يېتىۋاتقان كۈنلىرىمىز ئىدى. ئىككىمىز بىر ھەپتىدە بىر قېتىم يالغاندىن ئۇرىشىمىز. چۈنكى بىز ھۆكۈمەتنىڭ بىزگە بولغان پوزىتسىيىسىنى بىلىپ باقماقچى ئىدۇق. بەزىدە مەن: ”ماۋۇ پىتلىقنى مەندىن ئايرىۋەت! بۇنىڭ پىتى ماڭا يوقۇپ كەتتى!“ دەپ ۋاقىرايمەن، بەزىدە ئۇ: ”بۇ قاتىل ئىكەن! كېچىسى ئۇخلىمايدۇ! جۆلۈيدۇ! قۇسۇدۇ! قان كېلىدۇ! بۇنى يۆتكىۋەت!“ دەپ ۋاقىرايدۇ. كېيىنچە ھەر كۈنى ياكى ھەر ئىككى كۈندە بىر قېتىم غەۋغا قىلىدىغان بولدۇق. بۇ ئىش تۆرت ئاي داۋام قىلدى. بىر كۈنى 4 ئۇيغۇر، 8 خىتاي، 7 ئەسكەر تاراق - تۇرق قىلىپ كىردى. ئىشىكنى ئېچىپ: ”چىق بۇياققا!“ دېدى. بىز سىرتقا چىقتۇق. ئۇلار ”نىمە گېپىڭ بار“ دەپ مەندىن سورىدى. مەن ئۇلارغا: ”بىز ئۆيگە پاتمىدۇق، بۇ ئۆي ئۇزۇنلىقى بىر يېرىم مېتىر، كەڭلىكى سەكسەن سانتا، بىز ياتامدۇق؟ ياكى باشقا نەرسىلەر تۇرامدۇ؟ بۇ ئۆيدە ئىككى تەرەت چېلىكى، ئىككى ئاپقۇر ۋە باشقا نەرسىلەر تۇرسا بىز بۇ ئۆيگە سىغمىدۇق“ دېدىم. خىتايلار: ”سەن ھۇشۇڭ بىلەن بول، باراتى“ دېدى.

ئاندىن ”سېنىڭ نىمە گېپىڭ بار؟“ دەپ ئابلىمىت راشىدىندىن سورىدى. ئۇمۇ مەن دېگەندەك جاۋاپ بەردى. ئۇلار: ”بۇ يوقىرىنىڭ قارارى، ئىككىڭ ئايرىلمايسەن، چۈنكى سەن ئابلىمىت! ئۆزگەرمەس داشقال موللا، سېنى باشقا يەرگە ئەكىرىپ قويساق باشقىلارنى زەھەرلەيسەن، باراتنى باشقا يەرگە چىقارساقمۇ ئوخشاشلا باشقىلارنى زەھەرلەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئايرىلمايسىلەر، چايانغا ئوخشاش بىر- بىرىڭنى يەپ تۈگەت! ئاندىن بىرىڭ قالىسەن! بۇ ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئىدارىسىنىڭ قارارى!“ دېدى. شۇ نىڭ بىلەن كامېرغا كىرىپ كەتتۇق.

بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندە ئىچىم سىقىلىپ سادىرنىڭ[1] ناخشىسىنى توۋلىدىم. ئەسكەرلەر: ”ۋاقىرىما!“ دەپ قويدى. بىر ئاز ئۆتكەندە بىر گۈندىپاي، ئىككى قوراللىق ئەسكەر كىردى- دە، گۈندىپاي چىقىپ كەتتى. ئەسكەر :”ئېڭىش!“ دېدى- دە، مىلتىقنىڭ پاينىكى بىلەن گەجگەمگە بىرنى ئۇردى. مەن ئېڭىشتىم. ئېڭىشكەندىمۇ ئۆرە بولالمىغۇدەكلا پۈكۈلۈپ قالدىم. گەجگە سۆڭۈكۈم سۇندىمىكىن دەپ قالدىم. شۇنداق بولسىمۇ ”ۋاي - ۋاي“ لىيالماي لېۋىمنى چىڭ چىشلەپ جىم تۇردۇم. زارلىسام تېخىمۇ بەتتەر ئۇرىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. ئەسكەرلەر قولۇمدىكى كويزىنى پۇتۇمدىكى كىشەنگە چېتىپ قويدى ۋە ”بۇ يەرگە كەل!“ دېدى- دە، مېنى دوڭغاقلاقلىق ھالىتىمدە تۈڭلۈكنىڭ ئۇدۇلىغا ئەكىلىپ توختۇتۇپ قويدى. بىر ئەسكەر تۈڭلۈكتىكى قاپقاقنى كۆتەردى. بىر ئاز يورۇق چۈشكەندەك بولدى. ئاندىن ”پارت- پۇرت“ قىلىپ بېشىمغا چىچىۋەتتى. خىتاينىڭ پوقى

---

[1] سادىر پالۋاننى دېمەكچى — سادىر پالۋان 1864- يىلى ئىلىدا پارتلىغان دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ سەردارلىرىدىن بىرى، ئۇ ھاياتىنىڭ 40 يىلىنى مىللىي ئازاتلىق يولىدا سەرپ قىلغان مەشھۇر قەھرىمان، شۇنداقلا مەشھۇر قوشاقچى — م.

بېشىمغا، بوينۇمغا چۈشۈپ ، ئاندىن دۈمبەمگە ساقىپ ئاقىملى تۇردى. ئاندىن سىيدى. ئەگەر تۈڭلۈك ئېچىلغاندا تۈڭلۈكقا قارىغان بولسام، خىتاينىڭ پوقى ئاغزىمغا كىرىپ كېتەر ئىكەن. پوق ئابلىمىت راشىدىنىنىڭ كېيىمىگىمۇ چاچراپ كېتىپتۇ. ئەسكەرلەر قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. ئاندىن ئىشىكنى تاقاپ چىقىپ كەتتى.

مەن ئاندىن تۆرت سائەت ئىشىكنى ئۇردۇم، ئەمما ئىشىكنى ھېچكىم ئاچمىدى. تۆرت سائەت بولغاندا شۇ چاغدىكى ۋىلايەتلىك تەرگەۋ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئابدىكېرىم ئېلى تۆرت ئادەم بىلەن كىردى. ئۇ مەندىكى ئەھۋالنى كۆرۈپ: ”بۇ ئىشنى كىم، قاچان قىلدى؟“ دەپ سورىدى. مەن: ”سائەت بىر يېرىم بولغاندا ئەسكەرلەر قىلدى“ دېدىم. ئۇ: ”ۋاقتىنى قانداق بىلىسەن؟“ دېدى. مەن: ”ئۇرۇلغان جاڭدىن بىلدىم“ دېدىم. ھېلىقى چىچقان خىتايلار: ”بۇلار ئۆزلىرى چىچىپ، ئۆزلىرى سۈركۈۋاپتۇ“ دېدى. ئابدىكېرىم ئېلى: ”بۇنىڭ قولى باغلاغلىق تۇرسا قانداق قىلىپ ئۆزى سۈكۈۋالىدۇ!“ دەپ ۋاقىراپ قويغان بولدى ۋە ”بىز بۇنى ئېنىقلايمىز“ دەپ قويدى. ئاندىن تاجىك قاتىل قاسىمنى ئەكىرىپ ”بۇنى يۇيىۋەت!“ دېدى. ئۇ مېنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن باشقا كامىرغا كىرىپ كەتتى. قاسىمغا مېنى سولاپ قويۇشقا بۇيرىدى، قاسىم مېنى سولاپ قويدى. بىر - ئىككى سائەت ئۆتكەندىن كېيىن گۇندىپاي كىرىپ مېنى ئابدىكېرىم ئېلىنىڭ سوراق قىلىدىغان ئۆيىگە ئەكىردى. ئۇ دەرىزىلەرنى تاقاپ ئىشىكنى يېپىپ قويۇپلا شىرەنى ئىككىنى مۇشتلىدى ۋە:

— سەن قاچان مەسىلە تاپشۇرىسەن؟ يا مەسىلە تاپشۇرۇپ ھەقىقەتكە قايتمايسەن، يا كېسىلىپ بىر تەرەپ بولمايسەن، يا كەڭچىلىككە ئېرىشمەيسەن، سەن زادى قانداق قىلماقچى؟— دېدى.

ئاندىن شىرە ئاستىدىن بىر دانە چىنە ئالدى. ياغلىقتىن قاتلىما ئېلىپ چىنىگە ئۈششاقلاپ سالدى، ئۈستىگە شىكەر سالدى. ئاندىن چاي

قويۇپ، ”ئىچىڭ“ دەپ ئاستا سۆزلىدى. مەن چاي ئىچىۋاتىمەن، ئۇ ۋاقىراپ، جاقىراپ شىرەگە مۇشتلاپ سوراق قىلغان بولىۋالدۇ. مەن چاي ئىچىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ:

— سەن تۈرمىگە كىرگەندىن كېيىن كۆپ بۇزغۇنچىلىقلارنى قىلدىڭ. سەن غەربىي - شىمالدا ئوقۇغان قىرغىزنى ئۇرۇپ جاراھەتلەندۈردۈڭ، ¯(ئۇ تىلغا ئېلىۋاتقان قىرغىز ئامانلىق ئىدارىسىنىڭ جاسۇسى ئىكەن)، — بىر خىتاينى ئۇرۇپ ئۇنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولدۇڭ،...

ئۇ دەۋاتقان خىتاي ماڭا قويۇپ قويغان جاسۇس ئىدى، ئۇ كۈندە مەندىن گەپ كوچىلاپ گەپ ئالاتتى. ئۇراي دېسەم ياش ھەم ئۇستىخانلىق بولغاچقا كۈچۈم يەتمەيتتى. ئۇنىڭ دېمەكچى بولغىنى مۇنداق بىر ۋاقەگە ئالاقىدار ئىش ئىدى: بىر كۈنى تاھارەت قىلىۋاتقاندا كەينىدىن كېلىپ بوغۇپ، بېشىغا ئاپقۇر بىلەن ئۇردۇم. ئۇ مېنى ”سىڭكو“[①] دەپ ۋاقىراپ تىللىدى. بىر ئاز ئۆتكەندە ئەسكەرلەر كېلىپ قالدى - دە، ئۇلار: ”نىمە دېدىڭ؟“ دەپ سورىدى. ئۇ خىتاي يەنە ”سىڭكو“ دەپ ۋاقىرىدى. ئەسكەرلەر بىزنى دەۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ ئىشىكنى ئېچىپ كىرىپ، تالاغا ئاچىقىپ، مىلتىقنىڭ پاينىكى بىلەن ئۇرۇپ، سۆڭگۈچىنى پارچە - پارچە قىلىپ سۇندۇرۇپ، تالاغا تاشلاپ قويۇپتۇ. ئاندىن ئۇ خىتاي ئۇزۇنغا بارماي ئۆلگەن.

— تۇنىيازنى ئۇردۇڭ، — دەپ داۋام قىلدى تۈرمە باشلىقى (مىجىت ئەپەندىنى چېقىپ قويۇپ، ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەن تۇنىياز دېگەن قاغىلىقلىق قاتىل مۇناپىقنى ئۇرۇپ، بېشىنى يېرىپ، قولىنى سۇندۇرۇۋەتكەن ئىدىم) — تۈرمە خادىملىرىنىڭ ئالدىغا تاھارەت

① سىڭكو — خىتايچە( 牲口 shengkou)نىڭ بۇزۇپ ئېيتىلىشى، مەنىسى: ”ھايۋان“ — م.

چىلىكىنى ئاتتىڭ، شۇنىڭ ئۈچۈن سېنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرىۋېتىش قارارى چىققان ئىدى. مەن ”بۇنداق قىلساق ياخشى بولمايدۇ“ دەپ چۈشەندۈرۈپ سېنى ساقلاپ قالدىم. سەن بۇندىن كېيىن بۇنداق قىلما! سېنىڭ سالامەت تۇرمىدىن چىقىشىڭ سېنىڭ غەلىبەڭ، مەن دوختۇر چاقىرتىپ سېنى تەكشۈرتىمەن، سەن بىزنى خاپا قىلما، — دەپ سۆزلەپلا كەتتى. ئۇنىڭ راستىنلا ماڭا كۆيۈنىۋاتقىنى ياكى ئالدامچىلىق قىلىۋاتقىنىنى ئاڭقىرالمىدىم. ھەرھالدا ئۇ ھەربى دوختۇرخانىغا تېلېفون قىلدى، بىر نەپەر دوختۇر كەلدى. ئۇ مېنى تەكشۈرۈپ: ”بۇنىڭدا قان يوق، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆلىدۇ“ دېدى. ئابدىكېرىم ئېلى (تۈرمە باشلىقى)ئۇنىڭغا: ”بۇ گەپنى ماڭا دېمەي بارلىق كادىرلارنى يىغىپ سۆزلەڭ“ دېدى. مەندىن كويزا ۋە كىشەن ئېلىنمىغىلى 10 يىل بولغان ئىدى، شۇ كۈنى كويزا ۋە كىشەنلەرنى ئېلىۋەتتى. شۇندىن كېيىن بىر ئاز ياخشى ھاۋالاندىم ۋە بىر ئاز ياخشىلاندىم. بەلكىم بۇ ئادەم ماڭا ھەقىقەتەنمۇ ھېسداشلىق قىلغان بولىشىمۇ مۇمكىن. ئەمما بۇنداق ئەھۋال كوممۇنىست تۈرمىلىرىدە، كوممۇنىست ساقچىلىرىنىڭ روھىدا كەم ئۇچرايدىغان ئىش بولۇپ، بەزى ئۇيغۇر ساقچىلاردا مۇشۇنداق ئىچ ئاغرىتىش تۇيغۇسى ئاز ـ تولا بولسىمۇ ئاسانلىقچە ئىپادە قىلالمايتى. چۈنكى، مەھبۇسقا ھېسداشلىق قىلىش تىپىدىكى سۆز- ھەركىتى سېزىلىپلا قالسا ئۆزى شۇ مەھبۇس بىلەن تەقدىرداش بولۇپ قالاتتى!

1974- يىلى 7- ئايدا ھەممە ئادەمنى كېسىپ مەيدانغا ئېلىپ كەتتى، مەنلا قالدىم.

# ئازاپ دېڭىزىنىڭ قىرغاقلىرىدا

1971- يىلى 1- ئايدا ئاتىدىغان ئادەملەرنىڭ قولىغا ھۆكۈمنامە بەرگەندى. ئۇلارنىڭ قاتارىدا مېنىمۇ ئاچىقىپ:

— 10 كۈن ئىچىدە ئەرز قىلساڭ بولىدۇ، سېنى ئاتىمىز، — دېيىشتى.

— ئۇنداق بولسا ئۆز قانۇنىڭ بويىچە 10 كۈنگىچە ياخشى تاماق بېرىسەن، تۈرمە تامىقىنى يېمەيمەن، ئائىلەمدىكىلەر بىلەن كۆرۈشتۈرىسەن، — دېدىم مەن.

ئەتىسىدىن باشلاپ تۈرمە تامىقىنى يېگىلى ئۇنىمىدىم. ئۈچ كۈن بولغاندا ئاسما ئوكۇل ئاسقىلى تۇردى. بۇ ئىش تۆرت كۈن داۋاملاشتى. ئاندىن مېنى يۇدۇپ ئاچىقىپ، تەرگەۋ بۆلۈمىدە:

— سېنىڭ مەسىلەڭنى يوقۇرىغا يوللىدۇق، ئۆزەڭنىڭ ئىقرارىڭ بولمىغاچقا ساڭا بېرىلگەن ئۆلۈم جازاسى تەستىقلانماسلىقى مۇمكىن، سەن تاماقنى يەۋەرگىن، — دېدى.

مەن ئۆزەمنى ئۆزەم ئۆلتۈرىۋالغان شەقىلەردىن[1] بولماي دەپ تاماق يېيىشنى باشلىۋەتتىم. شۇنىڭدىن كېيىن بىر كېچىسى تۈرمە ئىشىكى ئېچىلدى، بىر مۇنچە ئادەم قولچىراق بىلەن كىرىپ:

---

[1] ئىسلامدا ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېلىش شەقىلىق ھېساپلىنىدۇ، چوڭ گۇناھ بۇنىڭ قىيامەتتىكى جازاسى ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېلىش بولۇپ، توختىماي ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېلىشقا (ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن) مەجبۇر بولىدۇ، — م.

— ئېتىڭ نىمە؟— دەپ سورىدى. مەن:
— بارات، — دەپ جاۋاپ بەردىم.
— فامىلەڭ؟
— ھاجى!
— تەشكىلاتتىكى ۋە ھەربىدىكى ئېتىڭ نىمە؟
مەن گەپ قىلمىدىم. ئۇلار مېنى قويۇپ، يېنىمدىكى ئىشىكنى ئېچىپ، ئۇ ياقتىكى كىمدۇر بىرىدىن سورىدى:
— ئېتىڭ نېمە؟
— مەمتىمىن! — (بۇ مەكتىلىك مەمتىمىن، شۇ چاغدىكى تەشكىلاتنىڭ سىياسىي كومىسسارى ئىكەن).
— مەكتەتىكى سىياسىي توپىلاڭنىڭ كومىسسارى سەنمۇ؟
— ھەئە مەن.
— تاشقىرىغا چىق!
— قاچامنى ئېلىۋالاي.
— سەن تېخى تاماق يېمەكچىمۇ؟! سېنى ئەتە سائەت سەككىزدە مەكتەپكە ئاپىرىپ، مىشەك مانتىسى بىلەن مېھمان قىلىمىز.
— يوقالسۇن گوڭسەنداڭ! يوقالسۇن ماۋزېدوڭ! يوقالسۇن خىتاي شوۋىنىزمى! يوقالسۇن خىتاي كوممۇنىستلىرى! ياشىسۇن ئىسلام پارتىيىسى! ياشىسۇن خەلق پارتىيىسى! ياشىسۇن ئادالەت!
ئىككى ئەسكەر گەجگىسىدىن تۇتۇپ تاشقىرىغا ئاچىقىپ كەتتى. بۇ 1971 يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى كەچ سائەت بىر بولغان چاغ ئىدى.
ئۇنىڭ كەينىدىن ئەھمەدجان مۇنىرىنى تۇتۇپ چىقىپ كەتتى.
— «بوران» تەشكىلاتىنىڭ رەئىسى سەنما؟
— ھەئە.
— چىق بۇياققا! — ھېلىقىدەك سوئال سوراقلار بولۇندى.
ئۇنىڭدىن كېيىن روزى ھېكىمنى تۇتتى.

— ئېتىڭ نىمە؟
— روزى ھېكىم.
— مەكتەپتىكى قوراللىق توپىلاڭنىڭ رەئىسى سەنما؟
— ھەئە مەن.
— چىق بۇياقىا! — ئۇنىمۇ ئاچىقىپ كەتتى.
ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يەنە بىرىدىن سوراشقا باشلىدى:
— ئېتىڭ نىمە؟
— مىجىت ساقى.
— قۇرۇلۇش ئەتىرىدىنىڭ سابىق ياغاچچىسى سەنما؟
— ھەئە مەن.
— ئەكسىلئىنقىلاۋى توپىلاڭنىڭ قوماندانى سەنما؟
— ھەئە مەن.
— ماڭ بۇياققا! — ئۇنىمۇ ئاچىقىپ كەتتى.
شۇنداق قىلىپ باشقا كورپۇسلاردىنمۇ باشقا ئادەملەرنى ئاچىقىپ ئېتىپتۇ. بۇ 77 نىڭ ئىچىدە مەمتىمىن ئېمىنۇفمۇ بار ئىكەن، ئەمما ئۇنى يىگىنە بىلەن ئۆلتۈرۈپتۇ. چۈنكى ئۇنى ئاتسا خەلقئارادا تەسىرى ياخشى بولمايتتى.
1981- يىلى مەن ياتقان كامىرغا ئىككى نەپەر گۇندىپاي، بىر نەپەر ئەسكەر كىردى. ئۇلار ماڭا:
— سېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سورىقىڭ بۈگۈن بولىدۇ، سېنى سوت قىلىمىز، پوزىتسىيەڭنى ياخشىلا، يېڭى كېيىملىرىڭنى كەي، — دېدى.
مەن بۇ چاغدا ئىششىپ سېمىز ئادەمدەك كۆرۈنەتتىم. مېنى دەرۋازا ئىشچىسى كورپوسىنىڭ تېشىدىكى سوت قىلىدىغان سوت زالىغا ئاچىقتى. كىرسەم 60 ياش ئەتراپىدىكى بىر ئادەم ”ئۆلتۈر“ دېدى. ئۇ يەردە 10 خىتاي ۋە ئىككى تەرجىمان بار ئىدى.

— مەن مەركىزىي سوت مەھكىمىسىنىڭ قارارىغا ئاساسەن سىزنى سوت قىلىمەن، مېنىڭ سوت قىلىشىمغا رازى بولامسەن؟ بىز ئالى سوتتىن تۆرت كىشى، يوقۇرى سوتتىن ئۈچ كىشى، ئورتا سوتتىن ئۈچ كىشى، جەمى 10 كىشى سېنى سوت قىلىمىز، سەن ھەر كۈنى ”مەن گۇناسىز“ دەپ تامغا خەت چاپلايسەن، ھەپتىدە بىر قېتىم ئۈچ پارچە خەت يېزىپ، بىرنى مەركەزگە، بىرنى ئۈرۈمچىگە، بىرنى بىزگە ئەۋەتىپ تۇردۇڭ، ئۆزەڭنىڭ ئىقرارى بولمىغاچقا مەركەز سېنىڭ ئۈستىڭدىن چىقىرىلغان ئۆلۈم جازاسىنى تەستىقلىمىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن بۈگۈن سېنى قايتا سوت قىلىمىز، — دەپ سوتنى باشلىدى.

— سەن مەندە جىنايەت يوق دەيسەن، جىنايەت بولمىسا نىمە ئۈچۈن تۈرمىگە كىرىپ قالدىڭ؟ جىنايەتنىڭ يوقلىقىغا قانداق دەلىلىڭ بار؟ پاكىتلىق سۆزلىسەڭ بۈندىن كېيىن سوراق ئاخىرلىشىدۇ.

— مەن گۇناسىز دېگەنلىكىمنىڭ سەۋەبىنى بۇرۇنقى ئىككى سوراقتا دېگەنىدىم. نېمە ئۈچۈن تۈرمىگە كىرىپ قالغانلىقىمنى مەن بىلمەيمەن، سولىغان سىلەر، سىلەر بىلىسىلەر.

— جىنايەت قىلمىغان بولساڭ ئۇلار سېنى نىمە ئۈچۈن تۇتىۋالدى؟

— ھاكىمىيەت ئۇلاردا بولغاچقا ۋە قورال ئۇلاردا بولغاچقا تۇتىۋالدى.

... سوراقتىن كېيىن ئىككى ئەسكەر مېنى كارىدۇرغا ئاچىقىپ قويدى. مېنىڭ دېگەنلىرىمنى خىتايلارغا تەرجىمە قىلىپ ئۇقتۇردى.

مېنى يەنە چاقىرىپ ئەكىردى. شۇنداق قىلىپ تەكرارلىنىپ يادا بولۇپ كەتكەن سوئال ـ سوراقلار ئۇزاق داۋاملاشتى. ئاخىرىدا:

— ساڭا سوراق ئۈستىدە قانداق مۇئامىلە قىلىندى؟ —دەپ سورىدى.

— باشتا مېنى بۇ يەرگە ئەكىلىپ سوراق قىلدى، ئاندىن ئىدارەمگە تاپشۇرۇپ بەردى، ئۇلار بېشىمغا بەنداش كەيگۈزدى. پۇتۇمغا تۆمۈر قىستۇردى. بارمىقىمدىن ئاستى. قاتتىق سىم قامچا بىلەن ئۇردى. سۆڭەكلىرىمگە مىخ قاقتى. ئاندىن كېيىن ساقچى باشقارمىسى

تۇرمىسىگە ئەكىلىپ يوتقان، كۆرپە ياكى پاخالمۇ بولسا بەرمەي 110 كۈن ياتقۇزدى. ئازاپلىدى ۋە ئاچ قويدى. زەكىرىمگە ۋە بۇرنۇمغاقىزىلمۇچ بىلەن تۇزنى ئارىلاشتۇرۇپ قۇيدى. زەكىرىمگە يىڭنە تىقتى. ئاندىن پودۇقۇم چىقىپ قالدى (دەپ پودۇقۇمنى كۆرسەتتىم). بىر يېرىم مېتىرلىق ئۆيدە ئازاپلاپ، كويزا- كىشەن بىلەن قويدى. خۇلاسىلىغاندا ماڭا ئىنسانى مۇئامىلە قىلمىدى. مېنى ئاتىدىغان بولساڭلار دەرھال ئېتىڭلار، ئەگەر قويۇپ بېرىدىغان بولساڭلار، مېنىڭ قولۇمدا ئەسكىرىم يوق، دەرھال قويۇپ بېرىڭلار. گۇڭسەنداڭمۇ ئارام ئالسۇن، مەنمۇ ئارام ئالاي. بالا - چاقامنى ۋە ئانامنى سۇرگۈن قىلغانمىش، ئۇلار ھېچ كەلمىدى، ئۇلار نەدە؟ بىلمىدىم، — دېدىم.

سوتچى يېنىدىكىلەردىن:

— بۇنىڭ ئائىلىسى نەدە؟— دەپ سورىدى. يېنىدىكىلەر:

— ”تارقاقلاشتۇرۇلغان“[1] ىكەن، ئۇلار ھازىر قايتىپ كەپتۇ، — دېدى.

— سېنى بىز مۇشۇ يىل ئاخىرىغا قالماي قويۇپ بېرىمىز، پارتىيەگە رەھمەت ئېيت، — دېدى سوتچى.

— مېنى يوقتىن بار قىلغان ئاللاغا رەھمەت ئېيتىمەن، —دېدىم مەن ئۆزەم ئاران ئاڭلىغىدەك پىچىرلاپ.

— بۇ ئادەمنى ئاچىقىۋېتىڭلار! — دېدى سوتچى.

---

[1] ”تارقاقلاشتۇرۇش“ — خىتايلار 60ـ 70- يىللار ئارىسىدا شەھەر خەلقىنىڭ كۆپ قىسمىنى يىراق سەھرالارغا سۇرگۈن قىلىپ، ئائىلىرىنى ئىگىلىۋالغان. بۇنىڭدىن مەخسەت ئىككى بولسا كېرەك، بىرى، بۇ ئائىلەردە قورال - ياراق ۋە ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش خىتايلارنى ئەنسىرىتىدىغان نەرسىلەرنىڭ با - يوقلىقىنى قېزىپ تەكشۈرۈش، تاملارنىمۇ چاناپ بېقىش نىيىتى؛ ئىككىنچىسى، يەرلىك شەھەر ئاھالىسىنى شالاڭلىتىپ، ئورنىغا خىتايلارنى جايلاشتۇرۇش، بۇنىڭ بىلەن سان نىسبىتىدە ئۈستۈنلۈكنى قولا كەلتۈرۈش. بۇنىڭدىن باشقا شۇم مەخسەتلەر بولىشىمۇ مۇمكىن — م.

ئۇلار مېنى ئاچچىقلىقتى.

1981- يىل 5- ئاينىڭ 1- كۈنى ماي بايرىمى بولدى. مەن "بۇلار گېپىدە تۇرارمۇ ياكى... قانداق بولار" دەپ ئەنسىرەپ تۇراتتىم. سائەت بىر بولغان چاغدا مەھبۇسلار لاگىرىنىڭ مەسئۇلى، ماۋ بىلەن بىللە ئىنقىلاپ قىلغان ما فامىلىلىك ئەترەت باشلىقى خىتاي بىلەن بىر قوراللىق ئەسكەر كىرىپلا: "ئورنۇڭدىن تۇر! كېيىم - كېچەكلىرىڭنىڭ يىغىشتۇرۇپ كېيىۋالغىن، سېنى ئائىلەڭدىكىلەر بىلەن كۆرۈشتۈرىمىز، سەن جاھىللىق قىلىپ پارتىيەگە زەھەرخەندىلىك قىلساڭمۇ، بىز يەنە ساڭا كەڭچىلىك قىلىپ، بۇ ئىشنى قىلىۋاتىمىز، تالاغا چىققاندا "ئاللا-كاللا" دەپ يىغلىمايسەن، ئۇنداق ياكى مۇنداق قىينالدىم ياكى قىيىندى، ئاچ قالدىم دېگەندەك گەپلەرنى قىلماسلىقىڭ ۋەدە بېرىسەن، ئاندىن كۆرۈشتۈرىمىز" دېدى.

مەن ئۇلارنىڭ دېگەنلىرىگە ماقۇل بولدۇم ۋە كېيىملىرىمنى كەيدىم.

ئۇلار مېنى بۇنىڭدىن بىر ئاي ئىلگىرى چاچ - ساقاللىرىمنى ئېلىپ ياساپ قويغانىدى.

ئۇلار مېنى دەرۋازىدىن چىقاردى، قارىسام ئائىلەمدىكىلەرنى قاتار تىزىپتۇ. ئۇلار ئانامغا: "ئۇزۇندە"[1] ئېيتمىساڭ بالاڭ بىلەن كۆرۈشتۈرمەيمىز دەپتىكەن، ئانام بىر نەرسىلەرنى دەپ ئۇزۇندە ئوقۇۋاتىدۇ، مەن ئانامغا قاراپلا غەزەپلەندىم. ئانام مېنىڭ ئاچچىغىم كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ توختاپ قالدى. ئانام ئىككى مېتىر كەلگىدەك ئېگىز ئايال ئىدى، ۋىجىك بىر ئايالغا ئايلىنىپ قاپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئانامنى تونۇماپتىمەن. ساقچىلار قوچاقلىشىپ كۆرۈشمەيسەن، دېگەچكە مەنمۇ

[1] "ماۋجۇشى سۆزلىرىدىن ئۇزۇندە" نەزەردە تۇتۇلىدۇ. ئاتالمىش "مەدەنىيەت ئىنقىلابى" دا ھەرقانداق بىر ئىشنىڭ بېشىدا ماۋنىڭ بىرەر جۈملە سۆزى ئوقۇلىشى كېرەك ئىدى ـــ م.

ئاددىيلا كۆرۈشۈپ قويدۇم.

قارىسام ئانامنىڭ يېنىدا بالا كۆتۈرىۋالغان يەنە بىر چوكان تۇرىدۇ، مەن ئۇنىڭغا:

— ئۇكام تېچلىق تۇردىڭىزمۇ؟ — دېسەم، ئېنىم يۈگۈرۈپ كېلىپ:

— ۋاي ئاكا، بۇ سىلىنىڭ ھەمراخان دېگەن قىزلىرى شۇ! — دېدى ۋە مېنى تونۇمايدىكەن دەپ ئائىلەمدىكىلەرنى تونۇشتۇرغىلى تۇردى. بالىلىرىمنى كۆردۈم ۋە بېشىنى سىلىدىم. ئۇلارنىڭ چوڭى ئالتە ياش، كىچىكى ئالتە ئايلىق قالغانىدى. ئۇلار تۆرت بالا بولۇپ، ئىككى قىز، ئىككى ئوغۇل ئىدى. ئاكامنىڭ بالىلىرى، ئاچام، تاغامنىڭ بالىلىرى بولۇپ 18 كىشى كەلگەنىكەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىلەن قىزغىن كۆرۈشتۇم.

بىر بۇلۇڭدا موك ـ موك، جىگ ـ جىك بىر خوتۇن تۇرىدۇ، ئىنىمدىن:

— بۇ كىم؟— دەپ سورىسام، ئۇ:

— ۋاي ئاكا بۇ ئۆزلىرىنىڭ ئايالى توختىخان، —دېدى. ئۇنىڭ بىلەنمۇ كۆرۈشتۈم.

گۇندىپاي:

— كۆرۈشۈش مۇشۇنچىلىك بولىدۇ، بۇندىن كېيىن يەنە كۆرۈشتۈرىمىز، قايتىڭلار، — دېدى. بىر جىنايەتچى ئالغان تاماقلارنى كۆتۈردى، كامېرغا كىرىپ كەتتۇق. ھويلىغا كىرگەندە ھېلىقى ختاي:

— سەن ئەڭ يامان ئەكسىيەتچى! 20 يىل ئىچىدە بىر قېتىممۇ ياخشى پوزىتسىيە تۇتمۇدۇڭ، ئاناڭ ياخشى ئايال ئىكەن، ئۇ ماۋجۇشىنى قوللاپ تووۋلاۋاتسا بىر ھومۇيۇپلا ئاناڭنى توختۇتۇپ قويدۇڭ، — دېدى. ئاندىن، — بۇ تاماقلارنى چوشقىغا تۆكۈپ بەر! — دەپ ھېلىقى جىنايەتچىگە بۇيرىدى.

كېيىن مېنى ئاق ئۆيگە يەنى جىنايەتچىلەر ئوپچى يۇرىدىغان كورپۇسقا يۆتكەپ قويدى. قارىسام مېنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىمنى ئۇ يەرگە

ئاچىقىپ بولغانىكەن.

بۇ كورپۇستا گېزىتخانىغا باشلىق بولغان ئابدىراخمان بۇلاقمۇ بار ئىكەن، ئۇ ئادەمنىمۇ ئۇرۇپ گاس قىلىپ قويغان ئىكەن. گەپنى ئاران ئاڭلىيالايدىكەن. ئۇ ئادەمنى 20 يىل كەسكەن ئىكەن، مەن كىرىپ ئىككى ئايدىن كېيىن ئۇنىمۇ مەيدانغا ئېلىپ كەتتى.

ئارىدىن 6 ـ 7 ئاي ئۆتۈپ كەتتى. يەنى 1981- يىل 11- ئاينىڭ 29- كۈنى بىزنىڭ كومىتېتنىڭ ئامانلىق ساقلاش هەيئەتلىرىنى ۋە ئايالىمنى چاقىرتىپ ئاپىرىپ مېنى قويۇپ بەردى. ئۇلار مېنى ئائىلەمگە ئەكىلىپ قويدى.

# قەپەزدىن چىققىنىم، ئەمما...

مېنىڭ ئۆيۈم مەنزەرلىك ئىككى قەۋەت ئۆي ئىدى. بۇ ئۆيىنى ئۆي - مۈلۈك باشقۇرۇش بۆلۈمى تارتىۋېلىپ، ئائىلەمنى سۈرگۈن قىلغانىكەن. ئائىلەم سۈرگۈندىن يېڭى كەلگەن ئىكەن. ئۆي سەرەمجانلىرىنىڭ ھەممىسى سۈرگۈن بولغان يەردە قېلىپ، ئۆي قۇپ - قۇرۇقلا ئىكەن. بۇرۇن بىر سامانلىقىمىز بار ئىدى، بۇنى بىرىگە بوشىتىپ بېرىپتۇ. قالغان ئۆيلەر ئۆي - مۈلۈك باشقۇرۇش بۆلۈمىنىڭ قولىدا ئىجارىگە قويۇقلۇق ئىكەن. بۇ سامانلىقتا تۆرت بالا، ئەر - خوتۇن، جەمى ئالتە ئادەم ئاران سىغاتتۇق.

شۇ كۈنى كېچىدە ئابدىرېھىم پېتەكنىڭ ئانىسى، ئايالى ۋە قىزى كەلدى. ئۇلار مەندىن ئۇ ئادەمنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ:

— ئابدىرېھىم ئېمىنوف قانداقراق؟ ھۆكۈمەت بىزگە: ”بىز ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلىۋاتىمىز، ئايرىم دوختۇرى، ئايرىم ئاشپىزى بار“ دەيدۇ، راستمۇ؟ — دەپ سورىدى.

مەن ئەمەلىي ئەھۋالنى ئېيتسام ئانىسى بىر قانداق بولۇپ قالمىسۇن دەپ، ”ھۆكۈمەت راست دەپتۇ“ دەپ قويدۇم.

ئەرتىسى نامىز ئوقۇپ كېلەي دەپ ھېتگاھقا باردىم. نامىز ئوقۇپ كەلسەم، ئۆيدىكىلەر چاي قاينىتىپتۇ، چاي ئىچىپ ئولتۇرسام، تۆشۈك دەرۋازا ساقچى ئىدارىسىدىن ئىككى ساقچى كەلدى. ئۇلار:

— تۇرمىدىن چىققان بارات دېگەن سەنما؟ ماڭ بۇياققا، —دېدى - دە، ساقچى ئىدارىسىغا ئېلىپ ماڭدى. ساقچى ئىدارىسىغا كىرگەندىن كېيىن:

— تۇرە! — دەپ توختۇتۇپ قويۇپ، سوراق باشلىدى:

— كېيىنكى قېتىم قەغەز يېزىپ بېرىدىغان قىلىپ كېسىمنى قانداق كېسىپ بېرىمەن؟

— كېسىم قەغىزىم يوق، قولغا ئېلىش قەغىزىمۇ يوق، 22 يىل ياتتىم،— دېدىم.

— تونۇغۇن سېنىڭ ئۈستىڭدىن: ”ئەكسىلئىنقىلابچى، ۋەتەن خائىنى، پانتۈركىست، جاھىل ئۇنسۇر رېجىمگە بېرىلدى“ دەپ قەغەز كەلدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر كۈنى تۆرت سائەت كوچا سۈپۈرىسەن، ھەپتىدە ئۈچ كۈن ساقچى ئىدارىسىدا مەجلىس بار، ئىككى سائەتلىك بىر يەرگە بارماقچى بولساڭ بىزدىن سوراپ بارىسەن. ئىنقىلاۋى خەلق سېنى ئۆزگەرتىدۇ، ئاڭلىدىڭمۇ؟— دېدى.

— ئاڭلىدىم.

ئاندىن ماڭا كېيىدىغان بىر دانە شالدۇرۇق بەردى. بۇ شالدۇرۇقتا: ”بۇ ئادەم بىلەن سالاملىشىشقا ۋە سۆزلىشىشكە بولمايدۇ، چۈنكى بۇ ئادەم بۇزۇق ئۇنسۇر“ دېگەن خەتلەر يېزىقلىق ئىكەن.

— ئەتىدىن باشلاپ ئۆز پۈلۈڭغا سۈپۈرگە، گۈرجەك، مىتىن قاتارلىق نەرسىلەرنى ئالىسەن ۋە خەلق نازارىتى ئاستىدا ئىشلەيسەن ۋە بۇ شالدۇرۇقنى كېيىۋالىسەن،— دېدى.

— خوپ غوجام، شۇنداق قىلاي، قىلمامدىغان، — دېدىم چاندۇرماي تەئەددى بىلەن. ئاندىن بەرگەن شالدۇرۇقنى قولىدىن ئالدىم ۋە ئورنۇمدىن تۇرۇپ، — باشقا تاپىلاشلىرى بولمىسا كەتسەم ئىجازەتمىكىن؟ — دېدىم قولباغلاپ تۇرۇپ. ساقچى مېنى تەنە قىلاۋاتامدىكىن دەپ كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ قويۇپ، يەنە پېتىدىن چۈشمەسلىك ئۈچۈن بىلمىگەنگە سېلىپ:

— كەتسەڭ بولىدۇ،— دېدى توڭلۇق بىلەن.

شۇنىڭدىن كېيىن ھەر كۈنى كوچا سۈپۈرىمەن، خالا تازىلايمەن، ۋاپ

مەيدانىغا[1] يۈدۈپ قىغ توشۈيمەن، مەھەللە غالچىلىرى تىللاپ تۇرىدۇ.

بۇ ئىش 1983 ـ يىل 3 ـ ئايغا قەدەر داۋاملاشتى. ئۇنىدىن كېيىن ئايالىم: بىز قاچانغىچە مۇشۇنداق ياشايمىز؟ بالىلارنى ئوقۇتالمىدۇق، يا كىرىمىمىز بولمىسا، ياكى پۇلىمىز بولمىسا! دەپ خاپا قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ يەرگە ۋە بۇ يەرگە قېچىپ كېتىپ قىش قويۇپ ياتتىم ۋە قارا ئىش قىلاتتىم.

"ئۆيىمىز" 10m2 (ئون كارە مېتىر) بولۇپ، بۇ ئۆيدە ئالتە جان ياشىدۇق. ئاخىر بولالماي بىر كۈنى باشقىلارنىڭ مەسلىھەتى بىلەن قىپ يالىڭاچ بولۇپ، ۋاقىراپ نامايىش قىلدىم. بۇ خەلقئارادىن ئادەملەر كېلىۋاتقان ۋاقت بولغاچقا خىتايلار ئۆيۈمنى بوشۇتۇپ بەردى. شۇنداق قىلىپ ئۆينى ئالدىم، ئەمما يەنىلا ئىقتىسادىمىز يوق ئىدى. بالىلار ساۋاتسىز، ئىش ئورنىمىز يوق، بالىلارنىمۇ ئەكسىيەتچىنىڭ بالىلىرى دەپ ئىشقا ئالمايدۇ، باشقا يەرگە چىقىپ ئىشلىگىنىمنى غالچىلار ئۇقۇپ قېلىپ، «كوچا سۈپۈرمىدى» دەپ شەھەر بويىچە تەنقىد ـ كۆرەش قىلدى.

دېمەك، شىڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە ئالتە يىل، كوممۇنىستلارنىڭ تۈرمىسىدە 22 يىل، "خەلق رېجىمى"دا ئۈچ يىل، جەمى 31 يىللىق ياشلىق ھاياتىم مۇشۇنداق ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن دوستلىرىمدىن پۇل سوراپ بىر دانە ھارۋا سېتىۋالدىم. گازىر پۇرچاق دېگەنگە ئوخشاش ئۇششاق يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ، ھارۋىنى سۆرەپ يۈرۈپ، نەدە ئادەم ئولاشسا شۇ يەردە ساتىمەن.

بىر كۈنى بىر دوستۇم:

—سەن شوپۇرلۇقنى بىلگەندىن كېيىن، بىر ماشىنا ئېلىپ

---

[1] ۋاپ مەيدانى —— قەشقەر شەھرىنىڭ سىرتىدىكى (دۆلەتباغ بىلەن سۈزاق ئارىسىدا) بىر دېھقانچىلىق مەيدانى بولۇپ، ئادەتتە بۇ يەردە ئاساسەن "مەسلىسى بار"لار، ھەر خىل تەقىپ ئاستىدا ئىشلىتىلىدىغان ئادەملەر ئىشلەيتى ـــ م.

ھەيدىسەڭ ياخشى بولاتتى،— دېدى.
مەن 1985- يىلى، 9- ئايدا قەرز ئېلىپ ماشىنا سېتىۋالدىم. كۆمۈرچىلىك قىلىپ قەرزىمنى بەردىم. 1993- يىلغا قەدەر كۆمۈرچىلىك قىلدىم.

# تۈرمە سىرتىدىكى ئازاپلار

كوممۇنىست تۈزۈلمىسى شۇنداقكى، تۈرمىدىن چىقتىم دېگەن بىلەنلا ئازاپلار تۈگەپ كەتمەيدۇ، پۈتكۈل دۆلەت ماشىنىسى بىر خىل ئازاپلاش قورالىدۇر. بۇ قورال كوممۇنىستلاردىن ئىبارەت ھۆكۈمران گورۇھ سىرتىدىكى ھەممە ئادەمنى ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئازاپلايدۇ، چىمدىپ تۇرىدۇ، زەھرىنى تىقىپ تۇرىدۇ. مېنىڭ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىنكى ئاچچىق كەچمىشلىرىم بۇنىڭ دەلىلىدۇر.

1990- يىلى 5- ئايدا، بارىن ئىنقىلاۋى قانلىق باستۇرۇلغان كۈنلەردە بۇتۇن ئىمام ـ مەزۇنلارنى خانلىق مەدرىسكە يىغىپ مەجلىس ئېچىشتى. بۇنداق ئەھۋاللاردا كوممۇنىستلار ھەربىر ئادەمنى سۆزلەشكە، بۇ ئىنقىلاپ ھەققىدىكى ”تونۇشى“نى ئوتتۇرىغا قويۇشقا، ئىپادە بىلدۈرۈشكە قىستايتى. بىر يىغىندا ھېيتگاھ جامەسىنىڭ خەتىبى، كومپارتىيەنىڭ قىزىلپاچاق داموللىسى سالىھ داموللام سۆزگە چىقىپ:

— بارىن ئەكسىلئىنقىلاپچىلىرى، توپۇلاڭچىلىرى ھۆكۈمەتكە قارشى چىققان، ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاشقا ئۇرۇنغان بۆلگۈنچى مۇناپىقلاردۇر... — دەپ قاتتىق تىللاپ كەتتى.

مەن چىدىيالماي تەبىسي ھالەتتە كۆزۈمدىن ياش چىقىپ كەتتى. بېشىمنى پەسكە ساڭگىلىتىپ ئولتۇرىۋالسام، بىر كادىر ماڭا قاراپ:

— نىمە يىغلايلا، — دەپ سورىدى.

— زۇكام بولۇپ قالغان ئىدىم،— دەپ جاۋاپ بەرگەنىدىم.

شۇ چاغدا مەن روھىي جەھەتتە بەك ئازاپلانغانىدىم. تارىخىمىزغا قارايدىغان بولساق، ئىنقىلاپنىڭ ئاسىيلىرى، ۋەتەن خائىنلىرىنىڭ خىل، غوللۇقلىرى موللا- ئۆلىمالىرىمىزدىن چىقىپتىكەن، ئەجەپ بۇلار ئاللاھنى تونۇغان ئادەملەر دېسەك شۇنداق مۇناپىقلىقنى قىلىدىكەن، ئاللاھنى تونۇمامدىكىن دېسە، شۇنداق چىرايلىق سۆزلىشىدۇ... ئۆتمۈشتە تۆمۈر خەلىپىنى قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلىش ئالدامچىلىقى بىلەن تۇتۇپ بەرگەنمۇ بىر دىنىي ئادەم ئىدى، 30 - يىللاردا ئابدىغوپۇر شاپتۇل دېگەن بىر داموللا مۇناپىقلارنىڭ پىرى بولۇپ تونۇلغانىدى، مانا شۇندىن كېيىن ھەممە ۋاقىت ئىنقىلاپلىرىمىز مۇشۇنداق ئادەملەر تەرىپىدىن سېتىۋېتىلىدىكەن. مەن تۈرمىدىن چىققان يىلى پەيزىۋاتتا ياش باللار قوراللىق بۆلۈمگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ قورال بۇلاپ قاچقانىكەن، ئۇلار بىر ئورمانغا كىرىۋالغاندا خىتايلار يەنە موللىلارنى ئىشقا سېلىپ، ياش باللارغا قارىتا ئالدامچىلىق ئېلىپ بارغانىكەن. شۇ چاغدىمۇ بىر موللا قۇرئان تۇتۇپ قەسەم ئىچىپ، ياشلارنى ئالداپ ئورمانلىقتىن چىقىرىپ، خىتايغا تۇتۇپ بېرىپتىكەن. مانا بۇ قېتىمقى بارىن ئىنقىلابىنىمۇ دانىش موللام دېگەن مۇناپىق سېتىۋېتىپتۇ. مۇشۇلارنى كۆڭلۈمدىن كەچۈرۈپ كۆپ ئويلىنىپ كەتتىم، بەك يۈرىكىم ئېچىشتى. بۇ يارامىنىڭ ئۇستىگە تۇز سەپمەكچى بولغاندەك، ئاتۇشلۇق مەمەت گەيجاڭ دېگەن ئاغىنەم كەپتىكەن، ئۇنىڭغا بۇ يەردە بولغان مۇناپىقلارنىڭ گەپ ـ سۆزىنى ئېيتىپ بېرىپ ئىچىمنى بوشىتاي دېسەم، ئۇ مەندىن ئۆتەراق چېچىلىپ، ئاتۇشتا بولغان ۋەقەنى ھىكايە قىلىپ بەردى.

ئاتۇشتىمۇ بارىن ئىنقىلابىنى ۋە بارىن مۇجاھىدلىرىنى قارىلاش، لەنەتلەش چوڭ يىغىنى ئېچىلغان ئىكەن، ئاتۇش شەھەر جامەسىنىڭ

خەتىبى رۇستەم قارى دېگەن مۇناپىق دىنىي زاتلارغا ۋاكالەتەن سۆزگە چىقىپ، ئاللاھ نامىدىن يالغان توقۇپ، ئايەتلەرنى نەقىل قىلىپ ئاتالمىش "مىللەتلەر ئىتتىپاقى"نى شەرھىيلەپتۇ! يەنە ئايەت ھەدىسلەرنى سۇئىئىستىمال قىلىپ، بارىن مۇجاھىدلىرىنىڭ قىلغان- ئەتكەنلىرىنى "قۇرئان، ھەدىسكە خىلاپ، ئىسلام دىنىغا خىلاپ" دېگەندەك شۇم ئېغىزلىقنى قىپتۇ. بۇلارنىڭ دېيىشىچە خىتايلارنىڭ قىلمىۋاتقىنى دىنىمىزدا كۆرسىتىلگەننىڭ دەل ئۆزىمىش! مانا شۇ ئىشلار ئادەمنى ئۈمىدسىزلىكنىڭ ھاڭلىرىغا قىستاپ ئاپىراتتى. 30 يىللاپ تۈرمىلەردە ئازاپ چېكىپ چىقساق، بىزنىڭ غايىمىز ھەققىدە ئوقۇغان ئادەملەر مۇشۇنداق نومۇسسىز گەپلەرنى قىلىپ يۈرسە چىدىغىلى بولمايدىكەن. مۇشۇنداق نا ئۈمىدلىك ئىچىدە ياشاشمۇ ئادەمگە ھاشاردەك تۇيۇلىدىكەن. خەلقنىڭ ئېڭى بىر ئاز بولسىمۇ كۆتۈرۈلۈپ، ئەركىنلىك، ھۆرلۈكنىڭ نېمىلىكىنى چۈشىنىپ قالغاندۇ، دەپتىكەنمەن، خىتايلار بىزنى ھەقىقەتەنمۇ ھايۋاننىڭ ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويۇپتۇ! ئۇزۇن زامانغىچە چىقۇن يەۋالغاندەك كۆڭلۈم غەش يۈردۈم.

1991- يىلى 3- ئاي ئەتراپىدا ئىسمىنى ئاشكارىلاشقا بولمايدىغان (چۈنكى ھېلىمۇ ھايات بولغاچقا) رىۋىزىيە كومىتېتىدا ئىشلەيدىغان يېقىن بىر تونۇشۇم ماڭا مۇنداق دېگەن ئىدى:

— ھازىر ھۆكۈمەتنىڭ مۇنداق بىر پىلانى باردەك تۇرىدۇ: "دىندارلار بەك يوغىناپ كېتىۋاتىدۇ, بۇلارنى بىر چۈچىتىپ قويماق لازىم، بىر - ئىككىسىنى بىرەر تۆھمەت بىلەن بولسىمۇ ئۇچۇغداپ قويۇش كېرەك" دېگەندەك گەپلەر قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى، شۇڭا سەن دىققەت قىل، — دېدى.

شۇنىڭدىن ئالتە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن قەشقەر قۇم دەرۋازا كونا پاختا بازىرىدىكى قۇلۇپساز ئابدىكېرىم قارىھاجىمنى قاماپ قويغانلىقىنى ئاڭلىدىم. مەن "بۇ ئادەم نىمە ئىش قىلغان بولغىدى؟" دەپ تىڭ-

تىڭلىسام، ”ئۆزىنىڭ ئوقۇتقان قىز ئوقۇغۇچىسى ۋە ئوغۇل ئوقۇغۇچى تالىپلىرىغا باسقۇنچىلىق قىلدى، بەچچىۋازلىق قىلدى“ دەپ، كوممۇنىستلار تۆھمەت چاپلاپ قامىغان ئىكەن.

مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەيران قالدىم، ”بۇ قانداق گەپ؟! بۇ ئادەم ھازىر 76 ياشقا كىرگەن تۇرسا، يەنە كېلىپ جىنسى ئاجىزلىق سەۋەبىدىن ھاياتى بويىچە ئۆيلەنمىگەن تۇرسا، تەقۋا ھەم قۇرئاننى يادلىغان قارى ھەم تەپسىرخان داموللا تۇرسا مۇشۇ ئادەم مۇشۇ ئىشنى قىلارمۇ!؟“ دەپ ئىچ-ئىچىمدىن پۇچۇلۇنۇپ، كېچىلىرى ئۇخلىيالمىغانىدىم، شۇنداق قىلىپ، بىرەر يىلدىن كېيىن ھېيتگاھنىڭ ئالدىدا بۇ ئادەم ئۇستىدە ئوچۇق كېسىم يىغىنى ئېچىپ، ئۇنىڭ قىلمىشىنى مۇنداق ئېلان قىلدى: ”بىرىنچى، قانۇنسىز دىنى تالىپ تەربىلىگەن، ئىككىنچىسى، چەتئەل بىلەن ئالاقىلىشىپ دۆلەتنىڭ ئاخباراتلىرىنى يەتكۈزگەن، پاكىستان تەبلىغ جامائەتلىرى بىلەن بىرلىشىپ تەرجىمانلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان، ئۆزى ئوقۇتقان ئوغۇل بالىلارغا بەچچىۋازلىق قىلغان، قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىچىدە يۇپۇرغىلىق بىر ئەئما قىزغا باسقۇنچىلىق قىلغان“ . مانا شۇ تۆھمەتنى ئېلان قىلىپلا ئۇنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى، دەرھال شۇ مەيداندىن ئېلىپ بېرىپلا شۇ كۈنى ئېتىپ تاشلىدى. ئېتىش ئۈچۈن ئېلىپ كېتىلىۋاتقاندا بۇ بىچارە يىغلاپ تۇرۇپ: ”جامائەت! بۇ ماڭا قىلىنغان تۆھمەت!“ دەپ تووۋلاپ كەتتى. بۇ رامىزان ئېيى بولۇپ، بۇ ئادەمنى ھەقىقىي  بىلىدىغان كىشىلەر ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ كېتىشتى.

دەل مۇشۇ ئادەمنى قامىغان كۈنلىرىدە، (يەنى 1991- يىلى 11-ئايدا) مەن قەشقەر شەھەر كېپەك بازىرى مەسجىدىنىڭ مەزۇنى بولغاچقا بامدات نامازنى ئوقۇپ (بۇ كۈنى بىز جامائەت بىلەن بىر تويغا بارماقچى ئىدۇق) جامائەت مەسجىددىن چىقىپ بولغاندا ئىشكىنى تاقاۋاتسام، ”سازايى! پانتۈركىست جىنايەتچى باراتنى يوقۇتايلى!“ دېگەن بىر ئاۋاز

ئاڭلاندى. مەن دەرھال بۇ نىمە گەپ دەپ تىزلا مەسجىدنىڭ ئالدىدىكى جامائەتنىڭ ئالدىغا چىقىپ قارىسام، تووۋلاۋاتقانلار مەھەللىدىكى جەملە ۋە ئۇنىڭ ئېرى ئابلىكىم تۇرسۇن، ئۇنىڭ ئاكىسى ناسىر ھەم ئۇنىڭ باللىرى قاتارلىق كىشىلەر ئىكەن، "باسقۇنچى، جىنايەتچى، بۆلگۈنچى، تۇپلاڭچى، پانتۇركىست باراتنى يوقۇتايلى! بۇ مىنىڭ قىزىمغا باسقۇنچىلىق قىلدى" دەپ تووۋلاش بىلەن بىرگە، بىلىش تونۇشلىرى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىرلىكتە ماڭا تاش چالما ۋە قولىغا نىمە چىقسا شۇنى ئاتقىلى باشلىدى. ئۇلار بۇ ئىش ئۇچۇن مىنى "چالما كىسەك" قىلماقچىمىش، كەينىدىن خوتۇنۇمنى تووۋلاپ چىقىپ، "ئېرىڭ قىزىمغا باسقۇنچىلىق قىلدى" دەپ كۆشكۈرتتى بولغاي، خوتۇنۇم كىلىپ: "ھۇ، نا ئەھلى! قىرىغىنىنى بىلمەيدىغان ئوغرى! قىرىغان چىغىڭدا خەقنىڭ قىزىغا باسقۇنچىلىق قىلدىڭما؟ نۇمۇس قىلساڭ بولمامدۇ!" دەپ تەستىكىمگە بىرنى سىلىپ، يۈزۈمگە تۈكۈردى.

ماڭا خەقلەرنىڭ قىلغىنى ئانچە بىلىنمىگەن بولسىمۇ ئايالىمنىڭ قىلغىنى بەكلا ئېغىر كەلدى. مەن شۇ ھامان:

— تالاق! يۈزمىڭ تالاق! - دەپ ۋاقىراپ كەتتىم دە، تۇتىۋالغانلارنىڭ قولىدىن سىلكىشلەپلا چىقىپ ئېتىلدىم، ئاڭغىچە بۇ ئىككى ئايال قىچىپ كەتتى. ئاندىن مەن، — يالغان! تۆھمەت! - دەپ ۋارقىردىم، مەسجىدنىڭ ئىمامى يۈسۈپ قاراجىم شۇ ئورۇندا بولغانلىقى ئۇچۇن ئوتتۇرىغا چۈشۈپ:

— ھەي خەق! بۇ ئادەم بۇ مەسجىدنىڭ مەزىنى! بۇ ئادەم ھەر كۈنى نامازغا ئەزەن ئېيتىدۇ، كىچىسى ئىككى قېتىم ئەزەن ئېيتىدۇ، بۇ ئۇنداق قىلىدىغان ئادەم ئەمەس، ھەي ئابلىكىم ئاخۇن! قىزىڭ قانچە ياش؟— دەپ سورىدى،ئۇ:

—سەككىز ياشقا كىرگەن، — دىدى.

— ھەي خالايىق تووۋا دەڭلار، — دىدى ئىمام،— بۇ ئادەمنىڭ قىزى

سەككىز ياش تۇرسا، بۇ ئادەم سەكسەن بىر ياش تۇرسا، بۇ قىز بالىغا قانداقمۇ باسقۇنچىلىق قىلسۇن، بۇ يالغان گەپ! ھەي جامائەت! يۇرۇڭلار ساقچى چاقىرىڭلار! بىرىڭلار بېرىپ دوختۇر چاقىرىڭلار! تەكشۈرتىمىز،— دېدى. ئاندىن ئىمام يەنە،— ئاللاھتىن قورقمامسىلەر، مەسجىدنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ھېچ بىر نامازغا چىقمايسىلەر، ئەمدى بۇ بىر قېرى مۇئەززىنگە مۇشۇ تۆھمەتنى چاپلىساڭلار قانداق بولىدۇ؟ قىزىڭلار سەككىز ياشتا ئىكەن، بۇ بىر يوغان ئادەم تۇرسا، ئەقىلغا سىققىدەك گەپ قىلساڭلارچۇ!

بىر ئازدىن كېيىن ساقچى ۋە دوختۇرلار كېلىپ تەكشۈرۈپ قىز ساق ئىكەن، بۇ بىر تۆھمەت بوپتۇ، دېيىشتى، بۇ يالغان ئىش ماڭا ناھايىتى ئېغىر كېلىپ، ئاندىن ئاغزىمنى بۇزۇپ تىللاشقا باشلىدىم.

كېيىن تالاق قىلغان ئايالىمغا:

— ئاجراشمىساڭ ئۆلتۈرىۋېتىمەن، — دېدىم.

مېنىڭ پەيلىمنى بىلىپ، مەھەللە جامائەتنىڭ ئارىلىشىشى بىلەن سوت مەھكىمىسى بىر نەچچە كۈندىن كېيىنلا بىز ئەر- خوتۇننى ئاجراشتۇردى. خوتۇن: ”مەن ئۇقماي تەستىكنىڭگە ئۇرۇپ سايتىمەن، سېنىڭ ئۇ ئىشنى قىلمىغانلىقىڭنى بىلمەيتىمەن“ دېسىمۇ، مەن ”سەندىن يىركەندىم“ دەپ ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئېتىبارغا ئالمىدىم.

شۇنىڭ بىلەن بۇ تۆھمەت گەپ تېز ئارىدىلا ۋەتەننىڭ ھەممە يىرىگە تارقاپ كەتتى. بۇ شۇنىڭدىن مەلۇمكى، شۇ كۈنلەردە ئوغلۇم بايغا كۆمۈر ئەكىلىشكە كەتكەنىدى، ئۇ كېلىدىغان كۈنى كېرەمباغقا ئالدىغا چىقسام، ئۇ شۇ يەردىلا ماڭا:

— دادا، بارمۇ سەن؟ نېمانداق دەردىڭ تۇگمەيدۇ؟ ئەمدى ساڭا مۇنداق تۆھمەتنى توقۇغىلى تۇرۇپتۇغۇ!؟... — دەپ كۆزىگە ياش ئېلىۋىدى، مەنمۇ يىغلاپ سالدىم.

ماڭا بۇ تۆھمەت ناھايىتى ئېغىر كېلىپ، بۇ تۆھمەتلەرنى تەپسىلىي

يېزىپ، تەپتىش مەھكىمىسىگە ئەرز قىلدىم، شەھەرلىك تەپتىش مەھكىمىسى "بۇ ئادەم تۆھمەتكە قالغان بولسا، بۇنى ئاقلاش لازىم، تۆھمەت قىلغانلارغا تېگىشلىك جازا بېرىلسۇن!" دەپ خەت قىلىپ بەردى. مەن بۇ خەتنى كۆتۈرۈپ ساقچى ئىدارىسىغا باردىم. ساقچى ئىدارىسى مەھەللە ساقچىسىغا بۇيرىدى. مەھەللە ساقچىسى:

— بىز بۇ ئىشنى قىلالمايمىز، بۇنى ساقچى باشقارمىسى ياكى ساقچى ئىدارىسىغا ئاپارغىن، شۇلار بىر تەرەپ قىلىدۇ، بىزنىڭ بۇ ئىشقا كۈچىمىز يەتكەيدۇ،— دېدى.

ئاندىن ۋىلايەتلىك ساقچى باشقارمىسىغا ئاپاردىم، ۋىلايەتلىك باشقارما ماڭا 1- بۆلۈمنى كۆرسىتىپ قويدى. بۇ سىياسى، جاسۇسلار بۆلۈمى ئىدى. ئاندىن بۇ بۆلۈمنىڭ باشلىقى شامان كوجاڭنىڭ يېنىغا كىردىم. ئۇ ئۆز بۆلۈمىدىكى نىياز دېگەن بىرىسىگە: "سەن ماۋۇ ئادەمنىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىۋەت" دېدى. ئۇ مېنى ئايرىم بىر ئۆيگە ئەكىرىپ، نۇرغۇن دەپتەرلەرنى ۋە ئارخىپلارنى ئالدى. ۋاراقلاپ - ۋاراقلاپلاپ بۇ ئارخىپلاردىن مېنى تاپالمىدى، بۇ ئارخىپلاردا ھارۇنخان ھاجى، ئابدىرىشىت قاراجى (ياغ)، سادىق شاپتۇل (ئەبەيدۇللاھ دېگەن ئارخىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ماڭا سادىق شاپتۇلنىڭ ئارخىپىنى كۆرسەتكەن ئىدى. بۇ ئارخىپتا "سادىق قاراجى ھەر قانداق ۋەزىپىگە قويۇلسا بولىدۇ، بۇنىڭغا مەن مەسئۇل" دېيىلگەن ئىكەن. بۇ ئارخىپتا ۋاڭ ئىنماۋنىڭ ئىمزاسى بار ئىكەن)، مەمتىمىن كۈڭزى، سالىھ داموللاجىم، جۇمە قارىغۇ، قەشقەر شەھىرىدىكى يەنە بەزى مولللار بار ئىكەن. كوچا دوقمۇشىدا يېرى بار ئۇششاق تىجارەتچىلەردىن ھەم بار ئىكەن. نىياز ماڭا:

— بۇ تىزىملىكتە سىلە يوق ئىكەنلا، سىلە بولغان بولسىلا, سىلىنى قوغدايتۇق، سىلە بىزنىڭ قوغداش ئوبېكتىمىز ئەمەس ئىكەنلا، شۇنىڭ ئۈچۈن سىلىنى قوغدىيالمايمىز. سىلە بۇ يەردە بولۇنغان گەپلەرنى ھېچ كىشىگە، ھېچ بىر يەردە دەپ يۈرمىسىلە، ئەگەر بىر يەردە

دەپ قالسىلا، شۇ كۈنى يوق بولسىلا، سىلە ئۆيلىمىغان يەردە تۇتۇپ جايلايمىز، — دەپ دېمەسلىككە ھۆججەت ئالدى. يەنە تەكىتلەپ:

— داۋا قىلىمەن، ئەرز قىلىمەن دەپ يۈرمەي، سىيىپ كىرىپ ئۇخلاپ قالسىلا شۇ ياخشى. بولسا دىنىي ئىشلارغىمۇ ئارىلاشماي، مەزىنلىكنى باشقا بىرسىگە تاشلاپ بېرىپ، باشقا بىر يەرگە كەتسىلە تېخىمۇ ياخشى! "زاكۇنىنىڭ تازىسى كۆت قىسقان" دەپتىكەن. ھەر ھالدا تەلەيلىرى بار ئىكەن، ساق قاپلا، بولمىسا كۆرىدىغان كۈنلىرى بار ئىدى، تېخى! — دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن چەتئەلگە قېچىشقا يول ماڭغانىدىم.

شۇنداق قىلىپ ئۇ تۆھمەتچىلەرمۇ ئاخىرى ئۆزى رەسۋا بولغىنىدىن مەھەللىدە تۇرالماي دۆلەت باغ يىزىسىغا كۆچۈپ كەتتى.

1992- يىل، 2- ئايدا مۇناپىق موللىلارغا خەلق تەرىپىدىن تەھدىت خەت يېزىلىپ، ئۆيلىرىگە تاشلانغانىكەن، بۇ موللىلار مۇنۇلار:

ھارۇن، سادىق، جۇمە قارىغۇ، ھاجى مەمەت،... قاتارلىق سەككىز كىشى.

خەتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق:

"پىلانلىق تۇغۇتقا رازىلىق بىلدۈرۈپ خەلق نامىدىن قول قۇيۇپسەن، مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى ياخشىلايمىز دەپ ئايەت دەلىل قىلىپ سۆزلەپسەن، خەنزۇلار بۇ يۇرتتا بىزبىلەن 2000 ـ 3000 يىللاپ بىرگە تۇرىۋاتىدۇ دەپ مەسجىددە ۋەز ئېيتىپسەن، بۇ قىلمىشىڭلار بىلەن خەلق ئالدىدا مەڭگۈ كەچۈرۈلمەس جىنايەتچى بولۇشتۇڭ، خەلق سەنلەرنى خىتاي بىلەن ئوخشاشلا دۈشمەن دەپ قارايدۇ، ھەممىڭگە ئايان، دۈشمەن دېگەنگە پۇرسەت بولغان ھامان جازا بېرىلىدۇ! قىلمىشلىرىڭغا تۆۋە قىلىش! جىنايەتلىرىڭنى يۇيۇشقا تىرىش! ئەبلەخ مۇناپىقلار!"

ھاجى مەمەت قارى مۇنداق دېگەنىكەن:

— بىنايى مۇسۇلمانچىلىق ئالتىدۇر، شۇنىڭ ئالتىنچىسى مىللەتلەر

ئىتتىپاقىنى ياخشىلاشقا ئىمان كەلتۈرۈش...

تازا شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەھەللە ئامانلىقىنى ساقلايدىغان ئابلا ئابدۇراھمان دەيدىغان بىرىسى مېنى چاقىرىپ:

— ھازىر كومىتېتتا ۋالى مەھكىمىسىنىڭ ۋە ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ، ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئادەملىرى بار، سېنى ساقلاۋاتقاندى، سېنى چىقسۇن دېگەنىدى،— دېدى.

مەن سەپەردىن كېلىپ يۈز كۆزەمنىمۇ يۇماي ئۇلار ئالدىراتقاچقا تېزچىقتىم، ئۇ:

— بۇ بارات ھاجى دېگەن شۇ، — دېدى. كەلگەنلەر:

— بارات ھاجى دېگەن سەنمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە.

— ھاجى مەمەت قارىنى تونۇمسەن؟

— مەن ئۇنىڭ دادىسىدىن تارتىپ بىلىمەن، ئۇنىڭ دادىسى مۇشۇ مەھەللىنىڭ ئاقساقىلى ئىدى، ئۆمەرانىكام لوڭلوڭ دەيتۇق.

— ھە، بىز شۇنى سورىماقچى ئىدۇق، — دېدى ئۇلار.

— سەن نىمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟ دەپ سورىدى يەنە.

— مېنىڭ ئىش ئورنۇم بولمىغاچقا بايدىن كۆمە ئەكىلىپ سېتىپ تۇرمۇشۇمنى قامداۋاتىمەن، — دېدىم.

— بولدى بىز شۇنى سورىماقچى ئىدۇق، تۈگىدى، سەن چىقىپ كەتسەڭ بولىدۇ، — دېدى. مەن ھېچ نەرسىنى بىلەلمەي يېنىپ چىقتىم. مەن ئابلادىن:

— بۇ نىمە گەپ ئىكەن؟ — دەپ سورىسام، ئۇمۇ بىلمەيمەن جىق ئىشلار بار ئوخشايدۇ،— دېدى.

ئۆيگە چىقىپ يۈز كۆزۈمنى يۇيۇپ، ئايالىم ئەمرىمدە بولمىغاچقا، كېلىنىمگە تاماق ئەتتۈرۈپ ئىچىپ ئارام ئالدىم، ئەتىسى يەنە بايغا كەتتىم، كۆمۈر ئېلىپ سەككىز كۈن ئىچىدە كەلدىم. ئۆيگە كىرمەي

ئۇدۇل يەكەنگە ئېلىپ ماڭدىم. كۆمۈرنى توختام تۈزۈشكەن يەرگە يەتكۈزۈپ بېرىپ ئۆيگە قايتىپ كەلدىم. تېخى ئۆيگە كىرمەي تۇراتتىم، كەلگەنلىكىمنى دەرھال بىلىپ يەنە مېنى مەھەللىدىنلا چاقىرتىپ، بۈرۈنقى كومىتېتقا ئېلىپ كىردى. سالام قىلىپ كىرگەنتىم، ئۇلار بۇ قېتىم پوزتسىيىسى قاتتىقراق ھالدا:

— ئولتۇر! — دېدى.

— ھاجى مەمەت قارىم مەسجىددىن ئىككى مىتىر يەرنى ئۆيىگە قۇشۇۋاپتۇ، بۇ راستمۇ؟— دەپ سورىدى.

— مەن نىم بىلەي، ئۇنىڭ بىلەن ئىشىم يوق، قىلغان گەپلىرى دىنغا ئۇيغۇن ئەمەس، ”بىنايى مۇسۇلمانچىلىق ئالتە“ دېگەننىڭياغى مەن ئۇنىڭ مەسجىدىگە كىرىپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇماس بولدۇم، بۇنداق بولغىلى ئۈچ يىل بولدى، — دېدىم.

— ھە،... بىنايى مۇسۇلمانچىلىق دېگەن نىمە دېگەن بولىدۇ؟ ئەسلى قانچە بولسا بولاتتى؟— دەپ سورىدى.

— بىنايى مۇسۇلمانچىلىق بەش: ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا گۇۋاھلىق بېرىش، ناماز ئۇقۇش، زاكات بېرىش، روزا تۇتۇش ۋە ئۆمرىدە بىر قېتىم ھەج قىلىشتىن ئىبارەت، ئىدى. لىكىن ئۇ، بۇنى ئالتە دەپ، دىنگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭغا سالاممۇ قىلمايمەن، ئۇ ئىمانى يوق بىلەن كارىم يوق، — دەپ جاۋاپ بەردىم.

— ئۇ قوشۇۋالغان ئالتىنچىسى نىمىكەن؟— دەپ سورىدى ئۇلار، خۇپسەنلىك بىلەن ئاغزىمنى تاتلاپ. مەن ھۆل بالاغا قالماسلىق ئۈچۈن جاۋاپ بېرىشتىن ئۆزەمنى قاچۇرۇپ:

— تاڭەي، نىمىكى، نىمە بولسا بەربىر بىرنى قوشۇۋالغاندىكىن، ئىماندىن ئاجرايدۇ ـ دە! —دېدىم.

— ھە،... بىز مۇشۇنداق نەرسىلەرنى سورىماقچى ئىدۇق، يەنە دەيدىغان گەپلىرىڭ بارمۇ؟

— يوق، — دېدىم.
مەن چىقىپ كېتەي دەۋاتقاندا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى هاشىم هاجى دەيدىغان بىرىسى (هازىرقى ساقچى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى):
— يەنە ئويلىنىپ تۇر، بىزنىڭ يەنە سورايدىغان بىر نەچچە ئېغىز سۆزىمىز بار، — دېدى.
— مەن قېرى ئادەم، مېنى نىمە ئۇچۇن بۇنداق ئاۋارە قىلىسىلەر، هېچ گۇناهىمنى بىلمەستىن 20نەچچە يىل تۇرمىدە يېتىپتىمەن، ئەگەر بۇ ياتقانلىرىم يەتمىگەن بولسا، مەندە گۇناھ بولسا ئاپىرىدىغان يېرىڭلارغا ئاپىرىپ سولاپ قويساڭلار بولمامدۇ؟— دەپ توۋلىدىم. ئۇلار:
— ماڭ چىق! تولا نېزىقىماي، كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرىسەن، بولمىسا!- دېدى.
ۋاقىراپ چىقىۋاتسام، يولدا ئاتۇشلىق نۇرۇللا (ساقچى باشقارمىسىنىڭ 50 ~58- يىللىرىدىكى بىر ساقچىسى ئىدى، كېيىن سىياسى جىنايەتچى بولۇپ 15 يىل قامالغان) ئۇچرىشىپ قالدى:
— نىمە بولدۇڭ؟ نىمە خاپا بولۇپ قالدىڭ؟— دەپ سورىدى.
— مېنى هەر هەپتىدە بىر قېتىم سوراق قىلىدۇ، هاجى مەمەتنى تونۇمسەن؟ دەپ شۇنىڭدا قاتتىقراق توختىلىۋاتىدۇ، مەنمۇ بىلەلمىدىم، ئۇ هاجى مەمەت دېگەننى مەن ئىمام دەپ بىلەتتىم، ئامما ئۇلار بەك سورىغانغا قارىغاندا باشقا خىزمىتىمۇ بارمۇ بىلمەيمەن، سەن بىر سوراپ باققىن مېنىڭ نىمە گۇناهىم بارئىكىن،— دېدىم.
— بوپتۇ، مەن سوراپ باقاي، سەن ئۆيۈڭدە تۇرۇپ تۇرغىن،— دېدى.
مەن ئۆيدە تۆرت سائەت ئۇنى ساقلاپ ئولتۇردۇم. بىر كەمدە ئۇ كەيپى چاغ هالدا كىرىپ كەلدى:
— بىر خوش خەۋەر!
— هە، نېمە خوش خەۋەر؟— دېدىم مەن تاقەتسىزلىنىپ.
— يۇقۇرىدىكى سەككىز موللام ئۆزلىرىگە كەلگەن تەهدىت خەتلەرنى

كۆتۈرۈپ ۋالى مەھكىمىسىگە بېرىپ: ”بىز ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىنى ياخشى قىلىۋاتساق، مىللەتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئۈلگىسى بولىۋاتساق بىزگە مۇشۇنداق تەھدىت خەتلەر كەلسە بىز قانداق ئۈخلىيالايمىز“ دەپتىكەن, ھۆكۈمەت ساقچىلىرى كىمدىن گۇمانىڭلار بار دەپ سورىسا، ھاجى مەمەت قارى : ”بارات ھاجىنىڭ ئۆيىگە كۆپ ئادەم كېلىدۇ، كۆپ ئادەملەر بىلەن گەپلىشىدۇ، بۇ شۇنىڭ ئىشى“ دەپتىكەن، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش مۇشۇنداق داۋام قىلىپتۇ، ھازىر بۇ دىلونى مەلۇم مەزگىل توختۇتۇپ قويۇش بۇيرىقى كېلىپ قېلىپ، ئۇلار كەتتى، بۇندىن كېيىن سىنى ئىزدىمەيدىغان بولدى، بۇ خوش خەۋەرنى ئېلىپ كەلگەنلىكىم ئۈچۈن ماڭا بەش تاغار كۆمۈر بەر، — دەپ نىېزىقىدى.

—ماقۇل بەرسەم بېرەي،— دېدىم ۋە بەش تاغار كۆمۈر بەردىم.

# ئەركىن دۇنياغا سەپەر

قولۇمدا 1991- يىلى تۈركىيەدىن كەلگەن زىيارەت تەكلىپنامىسى بار بارئىدى، شۇ يىلىدىن تارتىپ چەتئەلگە چىقىپ كېتىشكە ناھايىتى تېز يول ماڭدىم. ئەمما بىرىنچى مەھەللە ساقچى پونكىتىدىن قول قويدۇرالماي كېچىكىپ كەتتى. "مەن ھەرەمگە بارىمەن" دېسەممۇ ساقچى پونكىتىدىكىلەر ماڭا: "سىنىڭ چەتئەلگە چىقىشىڭغا يۇقۇرىدىن رۇخسەت يوق" دەپ تۇرىۋالدى.

ئاندىن ئاكامنىڭ كىيوغلى مۇسا ئىمەر(ھازىر ئۆلۈپ كەتكەن) بۇ پاسپورتنىڭ ناھايىتى كېچىكىپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ "مەن بىر يول مېقىپ باقاي، بۇ ئىش پۇلسىز ھەل بولمايدۇ" دېدى. مەن ئۇنىڭغا مىڭ يۈەن پۇل بەردىم. ئۇ پۇل بىلەن بۇ پاسپورتنى 10 كۈن ئىچىدە ھەل قىلىپ قولۇمغا بەردى. پاسپورتنىڭ مۇددىتى ئىككى يىللىق ئىدى. ئۇلار پاسپورتنى قولۇمغا بېرىپ، 10 كۈن ئىچىدە چىقىپ كېتىشىمنى ئېيتتى. مەن داۋراڭ قىلماي، دەرھال تەييارلىق قىلىپ، بېجىڭگە يولغا چىقتىم، ھەتتا باللىرىمنىمۇ كىشىلەر بىلىپ قالمىسۇن دەپ ئاپتوۋۇز بېكەتنىڭ ئىچىگە كىرگۈزمىدىم.

ئاۋال ئۈرۈمچى ئاندىن بېجىڭگە يېتىپ كەلدىم، بۇ 1993- يىلىنىڭ 1 - ئېيى بولۇپ ھاۋا ناھايىتى سوغۇق ئىدى.

ئاندىن تۈركىيە ئەلچىخانىسىگە بارسام، ئەلچىخانىنىڭ ئالدىدا يەركەنلىك بەش ئادەم، كۇچالىق ئالتە كىشى ۋە ئىزا ئېلىش ئۈچۈن تۇرغانىكەن، مەن بارغاندىن كېيىن ئەلچىخانىنىڭ ئالدىدا تۇرغان بىر

خىتاي ئەسكىرى پاسپورتىمىزنى يىغىۋېلىپ، «نەگە بارىسىلەر؟» دەپ گەپ سوراشقا باشلىۋىدى، بۇنى ئىككىنچى قەۋەتتە تۇرغان تۈرك ئەلچىخانىسىنىڭ بىر خادىمى كۆرۈپ قېلىپ، دەرھال پەسكە چۈشۈپ خىتاينىڭ قولىدىن پاسپورتنى تارتىۋېلىپ:

— سەن كونسۇلمۇ ياكى قاراۋۇلمۇ؟ نېمە بۇلارغا قوپاللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، پاسپورتلىرىنى ئېلىۋېلىپ ئاۋارە قىلىسەن؟ بۇ ئەخلاقسىزلىق ئەمەسمۇ؟ — دېدى. ئاندىن كېيىن بىزگە، — قېرىنداشلار، مەن بىلەن مېڭىڭلار، — دەپ بىزنى ئىچكىرىگە باشلاپ كىرىپ، بىر پىيالىدىن چاي قۇيۇپ، بىزنى ناھايىتى چىرايلىق كۈتىۋېلىپ، — سىلەر قەيەردىن؟— دەپ سورىدى .مەن ھاياتىم بويى ئانام بىلەن دادامنىڭ مېھرىبانلىقىنى مۇستەسنا قىلغاندا بۇنچىلىك ئىللىق مۇئامىلىگە، ئادەمگە قارىغاندەك قاراشقا، مېھرىبانلىققا ئۇچراپ باقمىغان، 30 يىللىق تۈرمە ھاياتىمدا بولسا ھە دېسىلا تىل - ھاقارەت، دەشنام ئاڭلاپ يۈرىكىم لەختە بولۇپ كەتكەچكە، تۈرك كونسۇلىنىڭ بۇنداق قېرىنداشلارچە مېھرىبانلىقىدىن تەسىرلىنىپ كۆزۈمگە ياش تىقىلدى، ئۇنى ئۆز ئوغلۇم بىلىپ باغرىمغا باسقىم كەلدى .ئەنە شۇ سۆيگۈ بۆشۈكىدە ئەللەيلىنىۋاتقان تۇيغۇم بىلەن:

— شەرقىي تۈركىستان، قەشقەردىن، — دەپ جاۋاپ بەردىم .ئۇلار بۇ گەپنى ئاڭلاپ ناھايىتى سۆيىنىپ كەتتى. يېنىمدىكى بىللە كىرگەن ھەمراھلىرىمنىڭ قورقۇپ رەڭگى ئۆچۈپ:

— ھەي، تۈركىستان دېمەي «شىنجاڭ» دېسىلىچۇ، ئۆزلىرى خاپىلىق تارتىپلا تۇگەشمەي، بىزمۇ قارىلىرىغا كەتمەيلى يەنە، — دېيىشتى.

— بۇ دېگەن تۈرك قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئەلچىخانىسى— دېدىم كۆڭلۈم توق ھالدا.

تۈرك كونسۇلى بىر سائەت ئىچىدە ۋىزىنى قويۇپ، ۋىزا رەسمىيىتىنى

ئۆتىگەندىن كېيىن پاسپورتنى قولۇمغا بەردى.

تۈرك ئەلچىخانىسىدىن چىقىپ، ئەرەبىستان ئەلچىخانىسىغا بېرىپ ئۆمرى ۋىزىسىنى ئالدىم، ئاندىن رۇسىيەنىڭ ئەلچىخانىسىگە بېرىپ ئۇنىڭدىن بىر ئايلىق ۋىزا ئالدىم. بىجىندىن مۇسكۋاغا بارىدىغان پويىزنىڭ بېلىتىنى ئېلىپ، مانجۇلىنىڭ يولى بىلەن يولغا چىقتىم. مۇسكۇۋاغا يەتتە كېچە ـ كۈندۈزدە يېتىپ باردىم. بىجىندىكى چاغدا بىر ئۇيغۇردىن مۇسكۋادا تىجارەت قىلىدىغان ئىككى تۈرك بىر ئۇيغۇرنىڭ تېلىفون نومۇرىنى ئېلىۋالغان ئىدىم، مۇسكۋاغا بارغاندىن كېيىن ئۇلارغا تېلىفون قىلسام ئۇلار ئالدىمغا چىقىپ قارشى ئالدى.

ئۇلارنىڭ يېنىدا رۇمۇنىيە ۋە بۇلغارىيە ئارقىلىق تۈركىيەگە ماڭىدىغان پويىزنى ساقلاپ 12 كۈن تۇرۇپ قالدىم. ئاندىن مۇسكۋادىكى پويىز ئىستانسىيىسىدا تۈركىيەگە ماڭىدىغان كۈنى رۇس ساقچىسى تاموژنىدا پاسپورتۇمنى كۆرۈپ، ”ياپتىۋايمات خىتاي“ دەپ پاسپورتۇمنى يەرگە ئاتتى، مەن ئۇنىڭ گېپىنى چۈشىنەلمىدىم، بىللە چىققان بالا ماڭا: «سېنى ماڭدۇرمايمىز، دەۋاتىدۇ، پارا بېرىپ باقايلى» دېدى .مەن ماقۇل بولۇپ 200 دوللار بېرىپ ئۆتتۇم.

# چەتئەلدىكى ھاياتىمدىن قىسقىچە خاتىرىلەر

پەرز ھەجدىن كېيىن يەنە ئىستانبۇلغا قايتىپ كەلدىم (يەنى 1993-يىلى 6 - ئايدا)، تۈركىيىگە كەلگەندىن كېيىن شەرقىي تۈركىستان داۋاسى بىلەن كېچە - كۈندۈز توختىماي ھەرىكەت قىلدىم.

1993- يىلى ھەرەمدىن تۈركىيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مېنىڭ كىرىدىغان ئۆيۈم بولمىغاچقا زەيتۇن بۇرنىدىكى جىيەن سىڭلىمنىڭ ئۆيىدە 10 كۈن تۇردۇم، ئاندىن كۈچۈك ھامامدا شەرقىي تۈركىستانلىق بەشەيلەن ئىجارە ئېلىپ ئولتۇرۇشقان ئۆيگە كېلىپ شېرىك بولۇپ بىر ئاي ئولتۇردۇم .شۇ بىر ئاي ئىچىدە ئىسمائىل ھاجىم مېنى دامات ئىبراھىم پاشا مەدرىسسىدىكى شەرقىي تۈركىستان ۋەخپىسىگە ئۈچ قېتىم ئېلىپ باردى .مەخسەت شۇ يەردىن ياتىدىغان جاي ھەل قىلىش ئىدى.

ئاندىن مۇھەممەد رىزا بېكىندىن بىر ئۆي ئاجرىتىپ بېرىشنى تەكرار - تەكرار ئىلتىماس قىلدۇق. رىزا بېكىن: ”سىز ۋەتەنگە قايتىپ كېتىڭ، ئۆي بېرەلمەيمىز“ دېدى. ئاندىن ئەرەبىستاندىكى ۋەتەنداشلار بىر ئۆي ئاجرىتىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىپ ئارقا- ئارقىدىن خەت ئەۋەتكەندىن كېيىن، ئۈچ بالا بىللە بىللەن ئولتۇرۇشۇمنى، مەدرىسىنى سىرىپ ـ سۈپۈرۈش، ئامانلىقىغا قاراش قاتارلىق شەرتلەر بىلەن بىر ئۆيگە ئورۇنلاشتۇردى.

مەن بىلەن بىر ئۆيدە ياتىدىغان بالىلارمۇ كېيىن ئۇيان - بۇيانغا كېتىپ، مەن يالغۇز قالدىم. شۇ پېتى تا 1998- يىلىغا قەدەر شۇ ئۆيدە ياشاپ كەلدىم. بۇ ئارلىقتا (يەنى 1995- يىلى) كونا كېسىلىم، يەنى تۈرمىدىكى چېغىمدا خىتايلارنىڭ ھەرخىل قىيناش ئۇسۇللىرى بىلەن كەلتۈرۈپ چىقارغان كېسىلىم قوزغىلىپ ئوپراتسىيە بولدۇم.

ئوپراتسىيە دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىدىغان ئادەم يوق، ”ئەلھۆكمۇلىللاھ“ دەپ ئۆلۈمنى كۈتۈپ ياتسام شاھزادە باشى جامەسىنىڭ[1] ئىمامى كامال خوجا باشلىقىدا قالغان ھەيئەت مەزىنلىرى مېنى يوقلىغىلى كېرىپ دەرھال ۋالىدە دوختۇرخانىسىغا ئاپاردى. ئۇ دوختۇرخانا ئۇ ئىماملارغا يارىمىدى. ئاندىن يېڭى بوسنادىكى بالقان دۇۋختۇرخانىسىغا ئاپاردى. دوختۇرخانا مەندىن كېسىلىم ئۈچۈن 2000 دوللار سورىدى. مەندە ئۇنداق كۆپ پۇل نەدە بولسۇن. مەن دوختۇرلارغا: ”سىلەرگە تۈركىستاننىڭ ’تارىخ ۋە جۇغراپىيە‘ ناملىق بىر كونا كىتابى بار شۇنى بېرەي، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ نەرسەم يوق“ دېدىم. دوختۇرلار كۈلۈشۈپ كەتتى. ئاندىن دوختۇرخانىنىڭ باشلىقى چىقىپ ماڭا:

— سەن بىر شەرقىي تۈركىستان مۇجاھىدى ئىكەنسەن، سېنىڭ پۇلۇڭ بولمىسىمۇ بىز بىر نېمە قىلىپ داۋالىشىمىز لازىم. بىز ساڭا ئىگە بولمىساق كىم ئىگە بولىدۇ؟— دېۋىدى، مەن دەرھال تەبىئىي ھالەتتە يىغلاپ سالدىم. دېمىسىمۇ ئىنسان مۇساپىر، مۇھاجىر، بالىلىرىدىن ئايرىلغان، قېرىغان، كېسەل بولۇپ ياتقان، قارايدىغان ئادىمى يوق بۇنداق بىر ھالەتتە دىلى سۇنۇق بولامدىكىن تاڭ، تۈرۈپ - تۈرۈپ يىغلايدىغان بولۇپ قالىدىكەن. بولۇپمۇ ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ بىرسىنىڭمۇ خىيالىغا كېلىپ باقمايۋاتقان ئەھۋالدا، ۋەتەن

[1] شاھزادە باشى جامى — ئىستانبۇلدىكى بىر چوڭ جامە، ئوسمان ئىمپېرىيىسى دەۋرىدىن قالغان يادىكارلىقلاردىن بىرى — م.

قۇتقۇزىۋالغۇچى تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ مەندەك ھاياتى بويى ۋەتىنىنىڭ ئازادلىقى يولىدا رىيازەت چەككەن بىر پىشقەدەم جەڭچىنى نەزىرىگىمۇ ئالمايۋاتقان ئەھۋالدا تۈركىيەلىكلەرنىڭ مېھرىبانلىقىغا مۇيەسسەر بولۇشۇم بۇ مېھرىبانلىقنىڭ قىممىتىنى، قەدرىنى تېخىمۇ يۈكسەلتىۋەتكەندى. دىمىقىم ئېچىشىپ، يۈرىكىمگە پاتماي كېلىۋاتقان سەلدەك دولقۇنلۇق بىر يىغا قىيانى بوغۇزۇمغا كەپلىشىۋالغاندەك بوغۇلۇپ كەتتىم. بۇ تەسىرلىنىشنىڭ مەھسۇلى ئىدى؛ بۇ سەبى بالىنىڭ يالغۇزسىراشتىن قاتتىق قورقۇپ كەتكەن چاغدا ئاتا- ئانىسىنىڭ مېھرىبان قۇچاقلىرىغا ئۇلاشقان مىنۇتلىرىدىكى سۆيۈنۈشىدىن تۇغۇلغان يىغىغا ئوخشايتى؛ بۇ ئۇزۇن يىل چۆل - جەزىرىلەردە چاڭقاپ يول يۈرگەن، رىيازەتتىن قەددىنى تىكلەش پۇرسىتى بولمىغان يولۇچىنىڭ مەنزىلگە يەتكەن، ئۆز ئۆيىنى تاپقان چاغدىكى شادلىق يىغىسىغا ئوخشايتى...

شۇنداق قىلىپ دوختۇر خانىدا 12 كۈن يېتىپ قالدىم. ئوپېراتسىيەمۇ بولدۇم. شاھزادە باشىنىڭ ئىماملىرى كېچىسى ئىككىسى، كۈندۈزى ئىككىسى ئالمىشىپ، تەرتىمگە قاچا تۇتۇپ مېنى ناھايىتى ياخشى باقتى، كېيىن دوختۇر خانىدىن چىقىپ ئۇقسام دوختۇرنىڭ سورىغان پۇلىنىمۇ شۇ ئىماملار بېرىپتۇ. مەن بۇنى بىلگەندىن كېيىن ناھايىتى تەسىرلىنىپ، ”خۇدايىم قارىغۇنى كۆزىدىن ئايرىغان بىلەن، ھاسىسىدىن ئايرىماپتۇ“ دېگەندەك، ئاللاھنىڭ مەندەك بىر غېرىپنى مۇساپىرچىلىقتا غەم قايغۇنىڭ ئىچىدە قويمىغانلىقىغا، شۇنداقلا تۇققۇنۇممۇ ئەمەس ياكى بىر يۇرتلۇقۇممۇ ئەمەس ئادەملەرنىڭ مېنى بۇ قەدەر ھۆرمەتلەپ كەتكەنلىكىگە تەسىرلىنىپ بۆقىرەپ يىغلاپ كەتتىم ۋە ئۇلارغا دۇئا قىلدىم.

تۈركىيەدىكى ھاياتىمدا ئىگىسىز مۈلۈكتەك تاللىنىۋاتقان ۋەتىنىمنى، دۇنيادا ئەڭ خار، ئەڭ بىچارە، ھېچ كىم ياردەم بەرمەيدىغان بەختسىز

خەلقىمنى ئۇنتۇپ قالمىدىم. ئەگەر بۇلارنى ئۇنتۇپ قالىدىغان بولسام، شۇنچە يىل تۈرمىدە ياتقىنىم بىھۇدە بولغان بولمامدۇ؟ پۇرسەتلا بولسا مۇخبىرلارغا دەردىمىزنى ئاڭلىتىپ تۇردۇم. كېيىن مۇجادىلە سەبدىشىم، شەرقىي تۈركىستاننىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى مەشھۇر ئىنقىلاپچىلاردىن بىرى، يىگىرمە نەچچە يىللىق ئۆمرىنى خىتاي تۈرمىسىدە ئۆتكۈزگەن ئەبەيدۇللا داموللام تۈركىيىگە كەلدى. گەرچە ئۇ كېسەل بولسىمۇ، يۈرىكىدە ۋەتەن مۇھەببىتى يېلىنجاپ تۇراتتى. ئىلگىرىكىدەك يۈرەكلەرگە ئاتەش يېقىۋېتىدىغان يالقۇنلۇق نۇتۇقلارنى سۆزلىيەلمەس بولۇپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا هارماي ـ تالماي مەن بىلەن بىللە يۈرۈپ، خىتايلارنىڭ جىنايەتلىرىنى پاش قىلدى. ئىككىمىز بىللە ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە مۇخبىرلىرىغا (ئۇلارنىڭ تەكلىپى بىلەن) شەرقىي تۈركىستان ئەھۋالىنى ئاڭلاتتۇق.

ئۇنىڭدىن باشقا تۈركىيەنىڭ 28 ۋىلايىتىدە ئېچىلغان تۈركىستان توپلانتىلىرىغا چاقىرىلىپ، ئۇ ئورۇنلاردا يەنە شەرقىي تۈركىستاننىڭ هازىرقى پاجىئەلىك ئەھۋالى ۋە تارىخىنى ئاڭلاتتىم. تۈركىيەنىڭ دۆلەت رەئىسلىرى مەسىلەن، سۇلايمان دېمىرېل، باش مىنىستىر نەجمىددىن ئەرباقان ۋە تانسۇ چىللەر، بۈيۈك بىرلىك پارتىيىسىنىڭ باشلىقى مۇھسىن يازىجى ئوغلى ۋە باشقا پارتىيە باشلىقلىرى، مىنىستىرلار بىلەن كۆرۈشۈپ شەرقىي تۈركىستان ئەھۋالىنى كەڭ دائىرىلىك ئاڭلاتتىم...

1997- يىلى 3- ئايدا غۇلجا ۋەقەسى مۇناسىۋىتى بىلەن پۈتۈن تۈركىيە خەلقى بىردەك خىتايغا نارازىلىق بىلدۈردى. تۈركىيەلىك قېرىنداشلار بىز بىلەن بىرلىكتە نامايىشقا چىقىپ، خىتاي كونسۇلى ئالدىغا باردۇق. خىتاي كونسۇلخانىسىغا لەنەتلىك تۇخۇم سۇپىتىدە تۇخۇم ئېتىپ، گېربلىرىنى رەسۋا قىلىۋەتتۇق. تۈركىيەدە چىقىدىغان 18 گېزىت، 8 ژورنالدا بۇ خەۋەرلەرنىڭ ھەممىسى بېسىلىپ چىقتى. تۈركىيە خەلقى شەرقى تۈركىستان خەلقى ئۈچۈن 6 مىليارت لىرا (شۇ چاغلاردا

تەخمىنەن 60 مىڭ دوللار) پۇل ياردەم قىلدى.

تۈركىيەدە ئەنگىلىيە ب ب س ئاگېنتلىقىغا ئەبەيدۇللاھ مەرۇپ داموللام ۋە مەن تۇرمىدىكى زۇلۇملارنى ئاڭلاتتۇق. شۇ چاغدا ئەبەيدۇللاھ داموللام مۇنداق بىر پاجىئەنى ئاڭلاتقانىدى:

1967- يىلى تۇرمىدىكى مەھبۇسلار قورسىقى تويماي، خام قوناقنى يېسە، ”قوناق يېگەن چىشىڭ مۇشۇمۇ“ دەپ، 400 مەھبۇسنى ئوڭدا ياتقۇزۇپ، پالتا بىلەن ئۇرۇپ چىشلىرىنى پۈتۈنلەي چېقىۋەتكەن. بىر ئاز زەئىپ ئادەملەردىن 120 كىشى قان كۆپ چىقىپ كەتكەنلىكتىن ئۆلۈپ كەتكەن ئىكەن.

...

1998 - يىلى ھەرەمگە ۋىزا ئېلىپ يەنە ھەرەمگە كەتكەنىدىم، ھەرەمدىن 5 ـ ئايدا كەلسەم، ۋەخپىدىكىلەر: ”ئۆينى بۇشىتىپ بېرىڭ، ئاقلايمىز“ دېدى. ” ئاقلىنىپ بولغان باشقا بىر ئۆينى كۆرسىتىڭلار، مەن شۇ ئۆيدە تۇرۇپ تۇراي، مېنىڭ كىرىدىغان ئۆيۈم بولمىسا، ئۆينى بوشاتسام نەگە باراتتىم؟“ دېدىم مەن. ئۇلار ئۇنى قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، تەكرار ”بۇشىتىڭ“ دەۋەردى، ئاخىرى بۇشاتتىم.

ئاندىن مەدرىسىنىڭ تۈرك ئىماملارغا ئائىت تەرىپىدىكى جۈمە كۈنىدە جامائەت مەسجىدكە پاتمىغان چاغلاردا ناماز ئوقۇيدىغان چوڭ زېلىغا كۆچۈپ چىقىپ كەتتىم .ئۇ زالدا تۆرت ئاي تۇردۇم .بۇ خانا ناھايىتى چوڭ ۋە سوغۇق بولغاچقا كېسەل بولۇپ قالدىم .بۇ ئۆيدە تۇرغان جەرياندا بىر كۈنى ئەبەيدۇللاھ مەرۇپ داموللامنىڭ ۋەتەندە ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ روھىغا بىر قۇرئان ئوقۇتۇپ قوياي دەپ تائام قىلىپ، كۆرگەن - بىلگەنلەرنى چاقىرسام كەلمىدى (بۇيەردىكى ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ ئەھۋالى شۇنداق، پۇلى يوق ئادەمنى دەسسەپ ئۆتۈپ كېتىدىغان، پۇلى بارنىڭ ئايىقىدا ئۆمۈلەيدىغان بولغاچقا، مېنى غېرىپ كۆرۈپ كەلمىسە كېرەك)، ئاندىن شۇ مەھەللىدىكى تۆرت

جامىنىڭ ئىماملىرىنى چاقىردىم، ئىماملار ماڭا:

— سەن شەرقىي تۈركىستانلىق ئەمەسمۇ؟ تۈركىيە بىكارغا بەرگەن يەرگە نىمىشقا پاتمىدىڭ؟ شۇنچە كۆپ ھوجرىدىن بىرسى ساڭا تەگمىدىمۇ؟ بۇ يوغان سوغوق ئۆيدە ياتساڭ ئۆلمەمسەن؟— دىيىشتى. مەن:

— ئامالىم يوق، مىنىڭ گىپىمنى قىلىدىغان ئادەم بولمىسا،... — دىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئىماملارنىڭ ھىسىداشلىقى قوزغۇلۇپ، مىنى بىر مۇۋاپىق يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇشقا باش قاتۇرۇشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن سابىر ئىسىملىك بىرىسى:

— سىلەر بىر ئۆينى كۆرسىتىپ بەرسەڭلار، مەن ئۇ ئۆينىڭ پۈتۈن چىقىمىنى قىلسام، بۇ تاغىمىزنى شۇ ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويساق،— دىدى.

ئاندىن مەدرىسىنىڭ ئىمامى ئىككى ئىغىزلىق ھوجرىسىنى بەردى. سابىر دىگەن ئۇ ئادەم 1500 دوللار پۇل سەرپ قىلىپ ھوجرىنى راسلاپ، پۈتۈن ئۆينىڭ سەرمجانلىرىنى ھازىرلاپ بەردى. شۇندىن كىيىن ئۇ ئۆيدە تۇرۇشقا باشلىدىم.

****

1999- يىلى 8- ئاينىڭ 13- كۈنى ئامرىكىدا ئىچىلغان كىشىلىك ھوقۇق يىغىنىغا شەرقىي تۈركىستانغا ۋاكالىتەن چاقىرىلىپ، بىرىپ ئۇ يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدىم ۋە شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ چوقۇم مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىدىغانلىقىدەك بۈيۈك ئارزۇسىنى ئىپادىلىدىم. پۈتۈن دۇنيا ئامىرىكا مەتبۇئاتى ئارقىلىق بۇ خەۋەرنى ئاڭلىدى. ئاسىيا رادىيوسىدا تۆرت كۈن سۆزلىدىم. ئۈچ كۈن ئاقسارايدا ئالدىدا ئاچلىق ئىلان قىلدىم. ئامىرىكا تاشقى ئىشلار

مىنىستىرى قوبۇل قىلدى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلاتتىم. ماڭا رەسمىنى تەقدىم قىلدى. ئاندىن ئاقسارايىنىڭ ئالدىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ پاجىئەلىك سۈرەت رەسىملىرىنى ئېچىپ، رەسىم كۆرگەزمىسى ئاچتىم. بۇ پائالىيەتنى ئۆزەم يالغۇز قىلدىم. كۆپ مۇخبىر يېنىمغا كېلىپ گەپ سورىدى. مەن ئىنگلىزچە بىلمىگەچكە ھەم يېنىمدا تەرجىمان بولمىغاچقا ھېچ گەپ قىلالماي جىم تۇرۇپ كۆپ سىقىلدىم. پەقەت ئىنگلىزچە يېزىلغان لوزۇنكىلارنى كۆتۈرۈپ تۇردۇم، خالاس. يەنە خىتاي دېموكراتچىلىرى بىلەن بىر ئاراغا كېلىپ سۆزلەشكەندە، ئۇ خىتايلار ماڭا مۇنداق دېدى:

— سىلەرنىڭ ۋەكىللىك تەشكىلاتلىرىڭلار، مەيلى تۈركىيەدىكىسى بولسۇن، مەيلى ياۋروپا، ئامېرىكىدىكىسى بولسۇن، ھەممىسى ھازىر بىز بىلەن بىر يەرگە كېلىپ: ”بىزگە مۇستەقىللىق كېرەك ئەمەس، بىزگە يۇقسەك ئاپتونومىيە بەرسەڭلار يېتىدۇ“ دەپ ئىمزا قويۇشتى. ئامما سىز بۇ يىغىنىدا 1933- يىلىدىكى شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ بايرىقىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، خەلقىمىز مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىدۇ دەۋاتىسىز، سىز رەھبەرلىرىڭىزنىڭ قارارىغا ئۇيغۇن بولمىغان مەيدانىڭىز بىلەن پىكىر ئىختىلاپى تېرىۋاتىسىزغۇ، — دېدى. مەن ئۇلارغا:

— سەنلەرمۇ ئوخشاش بىر خىتاي، ئىختىلاپنى سەنلەر تېرىشىۋاتىسەن! بىزنىڭ تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ ئۇنداق بىمەنە گەپنى قىلىدىغانلىقىغا مەن ھەرگىز ئىشەنمەيمەن! بىزگە ئاپتونومىيە كېرەك ئەمەس، بۇتۇن خەلقىمىز مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىدۇ. كىمكى سەنلەر دېگەندەك نەرسىلەرگە قول قويىدىغان بولسا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ۋەكىلى ئەمەس، ئۇنداقلار پەقەت قوساق باقتى لالمىلاردۇر، بەلكى خائىنلاردۇر،— دېدىم. خىتايلار:

— ئۇلار خائىن بولسا، ئۇلارنى نېمىگە باشلىق قىلىپ سايلىدىڭلار؟— دېدى.

— مەيلى سايلىۋالغان بولايلى، مەيلى ئۆز ئۆزىنى سايلىۋالغان بولسۇن، بۇگۈن خەلق مەيدانىدا تۇرغانلار — بۇگۈن خەلقنىڭ ۋەكىلى؛ بۇگۈن ئىنقىلاپچى! ئەگەر ئەتە يا ئۆگۈن خەلق مەيدانىدا تۇرماي، خەلقنىڭ ئىرادىسىگە، كۆڭۈل خاھىشىغا، قەلب ئارزۇسىغا خىلاپ ئىش قىلىدىكەن، ئۇ شۇندىن باشلاپ ئاپتوماتىك هالدا خەلقنىڭ ۋەكىللىكى سالاھىيىتىدىن قالىدۇ. ئەكسىچە خەلقنىڭ دۈشمىنىگە، ۋەتەن، مىللەتنىڭ خائىنىغا ئايلىنىدۇ! شۇڭا مەيلى راست شۇنداق بىر كېلىشىمگەلار بولسۇن ياكى نىيىتىڭلاردا شۇنداق بىر پىلان بولسۇن، ئاڭلاپ قويۇڭلار، ئۇنداق كېلىشىم خەلقنىڭ مەيدانىنى ئىپادىلىمىگەن ئىكەن، خەلق تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنمايدۇ. نىجاسەتچىلىكمۇ قىممىتى بولماي، تۇكۇرۇپ تاشلىنىدۇ، ئۇنىڭلىق بىلەنلا يوغان نەرسىگە ئېرىشتۇق دەپ خامخىيال قىلىپ قالماڭلار! — دېدىم ۋە گەپنى كېسىش مەخسىدىدە، — سىلەر كېلىچەكتە شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى تونۇمىسىلەر ياكى چوڭ ئائىلىنى بۇزمايمىز دەمسىلەر، — دەپ سورىدىم. ئۇلار:

— بىز بۇ مەسىلىگە هازىرچە بىر نەرسە دېيەلمەيمىز،— دېيىشتى.

****

1999- يىلى 10- ئاينىڭ 12- كۈنى گېرمانىيەدە ئېچىلغان شەرقى تۈركىستاننىڭ 2- نۆۋەتلىك مىللى قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىش ئۈچۈن گېرمانىيەگە باردىم، يىغىندا ماڭا 15 مىنۇتلىق سۆز قىلىش پۇرسىتى بەردى, سۆز قىلدىم. يىغىن قاتناشقۇچىلىرى بىلەن بىرلىكتە خىتاي كۇنسۇلى ئالدىغا نامايىش قىلىپ چىقتۇق.

...

1999- يىلى 11 ئايدا فاشىستلار كاتتىۋېشى جاك زېمىن فرانسىيەگە كەلگەندە فرانسىيەدىكى خىتاي كونسۇلخانىسى ئالدىغا بېرىپ: "خىتايلار شەرقى تۈركىستاندىن چىقىپ كەتسۇن" دەپ نامايىش قىلدۇق.

...

1999- يىلى11- ئايدا راكىيە پاشا ئاخۇنباي بىلەن توي قىلدىم، هازىرغىچە ۋەتىنىمىز مۇستەقىللىقىنى كۆرەلمىگەن سىقىلىشتىن باشقا ۋە بالا - چاقىلىرىمنى كۆرەلمىگەن ھەسرەتتىمدىن باشقا قىيىنچىلىقىم يوق. تۈركىيە پۇخراسى بولۇپ قالدىم. ئەمدى ئاخىرقى ئۆمرۈمدە ئەركىن نەپەس ئېلىش بەختىگە ئېرىشتىم. ۋەتىنىمدىكى ئاشۇ بىچارە خەلقىمۇ مۇشۇنداق ئەركىنلىكتىن، ھۆرلۈكتىن بەھرىمەن بولغان بولسا مەن تېخىمۇ ئەركىن نەپەس ئالاتتىم.

تۈركىيە خەلقى مېنى يالغۇز قالغان چاغلىرىمدا، كېسەل بولۇپ قالغان چاغلىرىمدا، ئىسسىق سوغۇقتا ئۆز تۇققۇنۇمدەك كۆيۈنۈپ ئاسرىدى، باقتى. مەن خۇددى ئۆز ئائىلەمدە، ئۆز قېرىنداشلىرىم ئارىسىدا تۇرغاندەك تۇرىۋاتىمەن، ئەلھەمدۇ لىللاھ.